# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 6




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# جۇڭخۇا يىغىپ ساقلاش چولپىنى

## يىغىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈر



ئاز ئۇچرايدىغان يېشىل تاش



ئەخمەت تۆمۈر چىڭ دەۋردىكى لوڭقىنى كۆرسەتمەكتە

ئەخمەت تۆمۈر 1952 - يىل 10 -
ئايدا قۇمۇلدا تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ
خان جەمەتى سودا شىركىتىنىڭ لىدىرى،
جەنۇبىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ
10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھۆسن خەت
ۋە رەسىم، 1000 دىن ئارتۇق ئاسارئەتىقە
بۇيۇمى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ۋە چەت ئەل-
لەرنىڭ پوچتا ماركىلىرى، ئوخشاش بول-
مىغان دەۋرگە تەۋە نورغۇن پۇللىرى،
داڭلىق خەتتاتلارنىڭ 200 پارچىگە يېقىن
قول يازمىسى، ئېغىرلىقى 154 كىلوگ-
رام كېلىدىغان يېشىل تاش ۋە قاشتاشلى-
رىنى يىغىپ ساقلىغان. 1998 - يىل
خۇاشىيا يىغىپ ساقلاش كۇلۇبى ئۇنىڭغا
«جۇڭخۇا يىغىپ ساقلاش چولپىنى» دەپ
نام بەرگەن، ئۇ 2 - نۆۋەتلىك خۇاشىيا
يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرى سەنئەت بايرى-
مىدا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



ئەخمەت تۆمۈر جاڭ داچيەننىڭ قول يازمىسىنى كۆرسەتمەكتە



جىڭ بەنچياۋنىڭ قول يازمىسى



تەيۋەنلىك ھۆسن خەت ئۇستىسى، داڭلىق رەسسام لى لىفېر...
ئۇ ساقلىغان بۇيۇملارنى كۆرگەندىن كېيىن بېغىشلىما يېزىپ بەر...



جۇڭگوچە رەسىم ئۇستىسى لى كۇچەننىڭ ئوغلى
لى ... ئۇنىڭغا رەسىم سىزىپ بەردى

# جۇڭگو خەلقىنى ھاقارەتلەشكە بولمايدۇ

## ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت بەش باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن ھەر خىل نۇقتىلاردىن دۆلىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيەدىكى ئەلچىخانىسىنى تەپتارتماستىن بومباردىمان قىلىپ، ئەلچىخانا بىناسىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئۈچ كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى، 20 نەچچە كىشىنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ياۋۇز ھەرىكىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى.

ش ئا ئە ت بۇ زوراۋانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە غورۇرىغا قوپاللارچە دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دىلىنى قاتتىق رەنجىتتى، بۇ 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگو خەلقىغە قىلىنغان ئوپئوچۇق ئىغۋاگەرچىلىك شۇنداقلا ۋېنا خەلقئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئەھدىنامىسى ھەم خەلقئارا مۇناسىۋەت تۈپ مىزانىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلغانلىق، بۇ ھال دۇنيا دىپلوماتىيە تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىق قىلمىشى ئۇنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىك» تونىنى يىرتىپ تاشلاپ، تاجاۋۇزچىلىق ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە جىنايى ھەرىكىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنى قاتتىق چۆچۈتۈپ، ھەممىلا جايدا كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بۇ خىل ياۋۇزلارچە زوراۋانلىققا چەكسىز غەزەپلەندى ۋە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى ھەمدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن تولۇق جاۋابكار بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلىپ بايانات ئېلان قىلدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن بېرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلۈكىدىن نامايىش قىلىپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بايانات ئېلان قىلىش، سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇشتەك شەكىللەر بىلەن قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ھەممە بىر نىيەتتە زىچ ئىتتىپاقلىشىش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. رەئىس جياڭ زېمىن «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت بۇ ۋەقەنىڭ ھەممە جاۋابكارلىقىنى تولۇق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، بولمىسا جۇڭگو خەلقى ھەرگىز ئۇنىمايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت جۇڭگو خەلقىدىن ئاشكارا ئەپۇ سورىشى، بۇ ۋەقەنى ئۇزۇل ـ كېسىل تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىنى تەپسىلىي، تېز ئېلان قىلىشى، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنى قاتتىق جازالىشى كېرەك، دەپ جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدەك جۇڭگو ـ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي تەرەپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۇچرىشىشىنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى؛ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى يادرو قوراللىرى كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەربىي قوراللارنى تىزگىنلەش ۋە خەلقئارا خەۋپسىزلىك مەسىلىسى سۆھبىتىنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى؛ جۇڭگو ـ ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى توختاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

رەئىس جياڭ زېمىننىڭ سۆزى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان تەدبىرى 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. كۈچلۈك ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ۋە دۇنيادىكى ھەققانىيەتچىل كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئالبرايت ھەمدە ش ئا ئە ت نىڭ باش كاتىپى سورانالار جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن ئاشكارا ئەپۇ سورىدى ھەم قازا قىلغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بۇ ۋەقەدىن قايغۇرغانلىقىنى، تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا تەرەققىياتقا يۈزلەندى، خەلقنىڭ تىنچلىق ئارزۇسى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلاندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ھەربىي تەشكىلات بولغان ش ئا ئە ت ئامېرىكىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، مۇداپىئەلىنىش تەشكىلاتىدىن ھۇجۇمچى سىياسىي ـ ھەربىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا قىلغان ھەربىي ھۇجۇمى سېپى ئۆزىدىن ئۇرۇش سىياسىتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان 50 يىللىق جاپالىق كۈرەشنى باشتىن كەچۈردى. ئاجىز ـ مىسكىن، بوزەك بولىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى. جۇڭگو بېيىش يولىغا قەدەم باسقان بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو خەلقىنى بىراۋ قورال كۈچى بىلەن قورقىتىمەن دېسە چۈشىنى خاتا سوققان بولىدۇ. ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىق قىلمىشى سەلبىي جەھەتتىن جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي خەۋپ تۇيغۇسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىقىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن زەربە بېرىش لازىملىقىنى تونۇتتى.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ قانخور زوراۋانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگىنىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئوخشاشلا خىزمەت ئورنىدا مەھكەم تۇرۇپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى؛ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى، قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دۈشمەننىڭ قەستىنى بىتچىت قىلىشى كېرەك.

ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بوزەك ئەمەس، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ھاقارەتلەشكە بولمايدۇ!

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)
1999 - يىل 6 - سان
(ئومۇمىي 195 - سان) (19 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى
نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غولام باش مۇھەررىر: لەن شۆيى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

**ئوبزور** جۇڭگو خەلقىنى ھاقارەتلەشكە بولمايدۇ ………………… ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)
**قانۇن تەتقىقاتى** «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ قىيىن يېرى نەدە؟
…………………………………… زى مىڭ (4)
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا………………… خالىدە يارمۇھەممەت (23)
**ئۆگىنىش** «تەرەققىيات قاتتىق داۋلىي» نىڭ مەنىسى توغرىسىدا ………………… رەخمجان بارات (7)
**مۇھاكىمەۋەتەپەككۇر** بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى يۇقىرىلارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشى توغرىسىدا ……………
…………………………………… ئابدۇكېرىم يۇسۇپ (9)
**خىزمەت تەتقىقاتى** ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك ………………… يالقۇن ياقۇپ (13)
يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك قىلغاندا «تۆتنى كۆچەيتىش» ى كېرەك ……………
…………………………………… كۇڭ لىخشاڭ (15)
قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ………………… سەمەت دۇگايلى (17)
**قانۇندىن سوئال - جاۋاب** مەمۇرىي تۆلەم ھەققىدە سوئال - جاۋاب ………………… (28)
**قانۇندىن ساۋات** مەمۇرىي تۆلەم، مەمۇرىي تولۇقلىما ۋە مەمۇرىي قوغۇزۇشنى بىر - بىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىشقا بولمايدۇ ………………… ئابدۇخېلىل (36)
**مۇلاھىزە** شىنجاڭدىكى نەشە چېكىملىك جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ………………… غالىپ ئىسمايىل (38)
**باشلامچىلار** ئىسمايىل ھاجى بولغاچ باش، قەد كۆتۈردى قاناتلىق، مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىپ، ئالغا باسقاچ داۋاملىق ………………… ئابدۇكېرىم ئۆمەر (43)
**جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش** ژۇرسىكلار نالە قىلماقتا ………………… قاھار ئوسمان (44)
**خەۋەرلەر** چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن نازارەتچىلىكى بىلەن خىزمەت نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى ………………… مەتقۇربان ھوشۇر (47)
خوتەن شەھىرىدە پىكىر، تەكلىپلەر ياخشى بېجىرىلدى ………………… ئىمىن ئىبراھىم (47)
پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى ………………… (48)
ۋەكىللەرنىڭ مېھرى - شەپقىتى ئىككى بىمارنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلدى ………………… تۇردى ئەخمەت (48)
«ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى ………………… مەمەتجان مەمتىمىن (48)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئۇراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
CN65 — 1033/D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 - قورۇ
تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63911

تىكەس ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى «ئۈچ تۈرلۈك پائالىيەت» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى ............ تۇرسۇن ئەمەت (49)
قاھار داموللاھاجىم پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈپ، جامائەتچىلىككە باشلامچى بولدى ............ زايىت مەخسۇت (49)
توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھۆددە مۇددىتىنى 30 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى ............ ياسىن ھاشىم (50)
شەنبەبازار بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى قىسمەن ۋەكىللەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى ............ ياسىن ھاشىم (50)
لوپ ناھىيىسىدە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە ............ ئۆتكۈر ئوسمان (50)
توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى قانۇن ئىجراسى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتى ............ مەتتۇرسۇن ئېزىز (51)
كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى بىلەن نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى ............ تۇنىساگۈل (51)
سۈرەتلىك خەۋەرلەر ............ (52)
**تەرمىلەر** ئۇسكار مۇكاپاتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............ (53)
مۇتەخەسسىسلەر دۆلەت زەھەرلىنىشنى كونترول قىلىش مەركىزى قۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى ............ (53)
ۋەكىل، ھوقۇقىڭىزنى قەدىرلەڭ ............ چېن خۇامىڭ (54)
دۇنيانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدىكى ئايال پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ نىسبىتى ............ (55)
برازىلىيىدىكى «پاپىلار دۆلىتى» ............ (55)
**بىلىۋېلىڭ** ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى قانداق جايدا ساقلىغان ياخشى؟ ............ ساۋۇت ھېكىم (56)
قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى توغرىسىدا ............ (56)
بالدۇر ئۆلۈش ئېھتىمالى بولغان 10 خىل ئادەم ............ (56)
سۈت قاينىتىشتىكى ئىلمىيلىك ............ (57)
**ئەتىرگۈل** ۋۇ دېڭيوڭگە ............ سەمەت دۇگايلى (58)
مەنىلىك ئۆتكەن ھايات! ............ ھەبىبۇللا بوستانى (58)
ھايات سەرگۈزەشتىسى (نەسر) ............ مېھرىبانۇم ئابلاھاجى (59)
**كىچىك لۇغەت** خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى ............ (60)
**ئېلان** يىغىپ ساقلاش چولپىنى ............ (61)

# «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ قىيىن يېرى نەدە؟

## — جۇڭگو مىللەت نەزەرىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى گو خۇڭشېنىنى زىيارەت

▲ زى مىڭ ▲

«(مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى) غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ قىيىن يېرى ئىدىيۋى تونۇش بىردەك بولماسلىقتا». بۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى مىللەتلەر نەزەرىيىسى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچى گو خۇڭشېن بۇندىن بەش يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش. يېقىندا ئۇنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ يەنىلا شۇ قارىشىنى تەكىتلىدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولىغا يۇقىرى باھا بېرىش ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، ئەمما ئۇ ھامان پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى، ھازىرقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلمىسى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېھتىياجغا ماسلىشالمايدىغان، قانۇنىي كاپالەتلىك رولىنى ئوينىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالدى. «مىنللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر قانۇن تۈرغۇزۇشنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشمۇ پۈتكۈل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ يادرولۇق مەسىلىدۇر.

گو خۇڭشېن مۇنداق دەپ قارىدى: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش جەريانىدا بەزى مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن بەزى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى دېگەندەك توغرا ئىپادىلەنمەي، ئەدەبىي جەھەتتە قانۇن سۆزلىرىگە يات مەسىلىلەر ساقلىنىپ، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر بولدى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن؛ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقى، نازارەتچىلىك مېخانىزمى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، بەزى مەسىلىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە 1993 - يىلى دۆلەت ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندىكى پرىنسىپ ئاساسىدا «چوقۇم تۈزىتىش كىرگۈزۈش زۆرۈر بولغانلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەك». قانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ھەتتا بىر نەچچە سۆزنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسىمۇ، بىر يېتەكچى ئىدىيە ئاستىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش كېرەك.

«ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشتا ئالدى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر توپ نەزەرىيىلەرنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىش كېرەك». گو خۇڭشېن گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سۆز ئورامىنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق دېدى: «بۇ پرىنسىپقا ئوخشاشمىغان پىكىر بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما كونكرېت مەسىلىلەر يولۇققان ھامان تونۇشتا ئىختىلاپ تۇغۇلىدۇ، ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەت جەھەتتە زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىك (مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغىنىغا 15 يىل بولغان بولسىمۇ، بىرەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامى تۈزۈپ چىقالمىغانلىقى بۇ مەسىلىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ)، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەس بولماقتا. بەس - مۇنازىرە قىلىش

ئارقىلىق، ئاخىرى ئەدەبىي جەھەتتە ۋە مەزمۇن جەھەتتە مادارا قىلىنىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇشقا پايدىسىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ پايدىسىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىسىز.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، گو خۇگىشېن مۇنداق بىر نەچچە نەزەرىيە مەسىلىسىدە يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى.

«ئۆزىدىكى باراۋەرسىزلىككە مۇئامىلە قىلىش» ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشلا دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ۋە چوڭ ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلغانلىق بولىدۇ. تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەر چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان، ھازىر خەنزۇلار ئۆزىدىكى باراۋەرسىزلىككە مۇئامىلە قىلغاندەك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. لېنىنمۇ، پارتىيىمىزنىڭ 1 - ئەۋلاد رەھبەرلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەيلەرمۇ «قەرز قايتۇرغاندەك» ھېسسىيات ۋە ئىدىيىۋى دۇنيا بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، دېگەنىدى. مۇشۇ تەلىملەرنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش كېرەك. بۇنىسى ئەسلىدە ناھايىتى روشەن ئىدى، ئەمما ھازىر ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە تاقالغاندا پىكىر ئىختىلابى ناھايىتى كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بۇنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى ئىختىلاپنىڭ ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ. مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى مۇتلەق باراۋەرلىك دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. تۇغۇلىشىدىنلا يېتەرسىز تۇغۇلغان بالىنى نورمال تۇغۇلغان، بەردەم بالا بىلەن بىر يۈگۈرۈش سىزىقىدا رىقابەتكە سېلىش ھەقىقىي باراۋەر ھەم ئادىل رىقابەت بولمايدۇ. «ئۆزىدىكى باراۋەرسىزلىككە مۇئامىلە قىلغاندەك» ئازراق قىسمەن ئىقتىسادىي پايدىنىڭ مېھرىدىن ۋاقىتىنچە كېچىپ، «تۇغۇلۇشىدىنلا يېتەرسىز بولغان» ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىغا تولۇقلىما ياردەم بېرىش كېرەك. شۇنىڭ ئۆزىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئىبارەت سىياسىي ئومۇمىيلىقنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى، دۆلەت ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشى تەڭ باراۋەردۇر. تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ شۇ دۆلەتتىكى تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشتە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويىدۇ، بۇ جەھەتتە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز خىزمەتنى ئۇلاردىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ۋاقىتلىق، ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى ئۇششاق زىددىيەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما يىراق كەلگۈسىدىكى تۈپ مەنپەئەت ئوخشاش ھەمدە ئۇ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك چوڭ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ جەھەتتە تارىخىي ساۋاقلار يۈز بەردى، بىز ئۇنى توغرا چۈشىنىپ ۋە تونۇپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىدا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىش، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» نى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بولسا مىللەتلەر ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش بىلەن يەرلىك ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇشنىڭ بىرىكمىسى شۇنىڭدەك سىياسىي ئامىللار بىلەن ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئالاھىدە رايون ھېسابلىنىدۇ ھەم ئۇنى بىر خىل «ئالاھىدە رايون» دېيىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە ئۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونغا ئوخشىمايدۇ، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويىدىغان ئالاھىدە رايون تېخىمۇ ئەمەس. لېكىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارغا قارىغاندا مىللەت ئامىلى بىلەن سىياسىي ئامىللار ئارتۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ھازىرقى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭكىدىنمۇ چوڭ بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بايلىقلارنى ئېچىش جەھەتتە، مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقى مول بولسىمۇ «شۇ جاي ئاچسا بولىدىغان تەبىئىي بايلىقلار» ناھايىتى ئاز ياكى زادى يوق. بولۇپمۇ ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان، «ئۈچ ئەتراپ» قا يېقىن بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قانداق تەرەققىي تاپقۇزۇش كېرەك؟ پەقەت سىياسەتكە تايانغاندىلا ئۇلاردا تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. مىللىي رايونلاردا تەييار بولغىنى پەقەت كان مەھسۇلاتلىرى، سۇ كۈچى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇ-

لات، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ساياھەت بايلىقى قاتارلىقلار، شۇڭا پەقەت باج، بايلىق تەقسىم قىلىش، بايلىق تولۇقلىما ھەققى، ئېنېرگىيە قوشۇمچىسى، ترانسپورت قوشۇمچىسى بېرىش قاتارلىقلارنى كەڭ قويۇۋېتىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. مەيلى قانداقلا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللانساق، ھەممىسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازار ئىگىلىكى يېتىلدۈرۈش ۋە قوزغىتىشىغا پايدىلىق بولۇشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. مىللىي تەرەققىياتقا پايدىلىق بولۇشى، تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللىي رايونلارنى بايلىقلارنى ئېچىشقا تايىنىپ مەنپەئەت ئالىدىغان، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان قىلىش كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى زادى قانچىلىك چوڭ بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا مىللىي رايونلارغا بېرىلىدىغان ئېتىبارنى قوشۇپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي رايونلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

**دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېتىلدۈرۈش، قوزغىتىشقا ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.** دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە مەركەزدىن ئىبارەت كۆپ تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ تولۇق قوزغايدىغان بولۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىلگەن ھوقۇقنى ئۈزۈل - كېسىل تۆۋەنگە چۈشۈرۈش كېرەك. ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىلا يۇقىرى تەستىقلايدىغان كونا ئەندىزە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى شۇنداقلا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چەكلەپ تۇرماقتا. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش نەزەرىيە جەھەتتىن، راستىنى ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش، شۇ ئارقىلىق مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بازار ئىگىلىكى يېتىلدۈرۈش، قوزغىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى مەزمۇن ۋە گەپ - سۆزلەرنى مۇناسىپ تۈردە ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىش كېرەك. بولمىسا، ئەسلىدىنلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېڭى كۈچلۈك بولمىغان مىللىي رايونلار يەنىلا كونا ئەندىزىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تېز تەرەققىي قىلالمايدۇ ھەتتا ئۇزاققىچە «ئەسلى ئاساسى يوختا بولماسلىق» ئورنىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالىدۇ - دە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.** گو خۇڭشېن مۇنداق دەپ قارايدۇ: «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش» دېسەك «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش» دېگەندىن توغرا بولىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى بولغانلىقتىنلا ئەمەس، ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان جايلار ۋە مەركەزنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى بولغاچقىلا تېزدىن يېتىشەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۆزلىرى ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرغاندىلا ئاندىن باشقىلارغا يېتىشىۋالالايدۇ.

شۇڭا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەريانىدا چوقۇم ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقىرىدا دېيىلگەن بىر نەچچە جەھەتتىكى نەزەرىيە مەسىلىلىرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ئىشلىگىلى بولىدۇ.

(«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ
1999 - يىللىق 3 - سانىدىن)

**قاۋۇل توختى تەرجىمىسى**

# «تەرەققىيات قاتتىق داۋلىي» نىڭ مەنىسى توغرىسىدا

▲ رەخمجان بارات ▲

تەرەققىيات پەلسەپە كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئۇقۇم بولۇپ، بىر پۈتۈن شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ تاكى يوقالغىچە بولغان بىر پۈتۈن يۈزلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. تەرەققىيات يۈنىلىشىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭى شەيئى ئۇلۇغۋار ئىستىقبالغا ئىگە بولغان، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەيئى بولۇپ، يېڭى شەيئىنىڭ كونا شەيئى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يولداش دېڭ شىياۋپىڭ شەيئى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىش جەريانىنى «قاتتىق داۋلىي» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. «قاتتىق داۋلىي» نى تولۇق چۈشەنگەندىلا، ئاندىن تەرەققىيات جەريانىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلەيمىز.

1. شەيئى تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىكىلىق ھەرىكەت شەكلى دولقۇنسىمان ئىلگىرىلەش ياكى بۇرمىسىمان ئۆرلەش جەريانىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتىغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىسلاھات سوتسىيالىزمنى چەتكە قاقامدۇ - يوق؟ دېگەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىك جانلاندۇرۇلسا، سوتسىيالىزم تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭدا سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە زىيان يەتمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت يېڭى شەيئى بولغان «ئىسلاھات» نى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تونۇپ يېتىلگەن. بۇ «10 يىللىق قالايمىقانچىلىق» جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، بۇرمىسىمان ئالغا بېسىۋاتقان يېڭى شەيئىنىڭ ئالغا بېسىش ۋە تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشى. شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانى قانچىلىك ئەگرى - توقاي ۋە بۇرمىسىمان بولغاندا، ئاندىن بارلىققا كەلگەن شەيئى مۇستەھكەم تەرەققىيات ئاساسىغا ئىگە بولۇش بىلەن ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنىڭ يولىنى تاللىيالايدۇ.

2. تەرەققىيات يۈنىلىشىدىن قارىغاندا، شەيئى ھامان ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. شەيئى تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كېلىۋاتقان ئەگرى - توقايلىق شەيئى ئەسلى ھالىتىنىڭ قايتىلىنىشى ياكى شەيئىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى بولماستىن، شەيئىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىدىن مۇكەممەللىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلاھات — جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى. جۇڭگودا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى شەيئى، ئىسلاھات داۋامىدا بارلىققا كېلىۋاتقان شەيئىلەر بولسا تېخىمۇ يېڭى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات — سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئۆز - ئۆزىدىن مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە زور نەتىجە بىلەن يۈزلەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. لېكىن، بىزنىڭ ئىسلاھات يولىمىز داغدام بولماستىن ئەكسىچە نۇرغۇن زىددىيەتلەرگە تولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى توغرا تونۇشىمىز ۋە نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، جانلىق ۋە ھا-

ياتى كۆچكە تولغان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ، سىياسىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالىساقلا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلالايمىز.

3. تەرەققىيات يولىدىن قارىغاندا، شەيئى تەرەققىياتى ھامان ئەگرى - توقاي بولىدۇ. ئالغا بېسىش بىلەن ئەگرى - توقايلىقنىڭ بىرلىكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەۋرىيلىك خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شەيئى تەرەققىياتى كۆپ قېتىملىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن كۆپ قېتىملىق ئىنكار قىلىش شەكىللىرى ئارقىلىق يۈكسەك تەرەققىيات نىشانىغا يېتەلەيدۇ. شەيئىلەر تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە نەزەر سالغاندا، ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن ئەگرى - توقايلىقنىڭ بىرلىكى نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك دەۋر قىلىش نەزەرىيىسى بىلەن تۈز سىزىق بويىچە ئالغا بېسىش نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇش لازىم. جۇڭگو ئۆزىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشىدىكى ئاچقۇچ — ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشتا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداپ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشمۇ تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنا ئۇزاق مۇددەتلىك كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە - ئەخلاقىي قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشمۇ تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى بولغان «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» دە چىڭ تۇرۇشمۇ تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا «تەرەققىيات قاتتىق داۋلىي» دۇر.

(ئاپتور ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىدىن)

---

(بېشى 9 - بەتتە)

ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇش بەزى مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنىڭ ئۇزاق مۇددەت قاندۇرۇلماسلىقىدىن پەيدا بولغان سىياسىي مۇقىمسىزلىقتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق. لېكىن ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي جەريانغا كىرىشى بەلگىلىك قائىدە - نىزامغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. قائىدە - نىزام كەمچىل بولغان سىياسىيغا قاتنىشىش مۇقەررەر ئىجتىمائىي مالىمانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا سىياسىيغا قاتنىشىشنى جەزمەن تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. سىياسىيغا قاتنىشىشنى تۈزۈملەشتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى — قانۇنلاشتۇرۇش. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش ھەققىدىكى قانۇن تۈرغۇزۇش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە يولىنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇن قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشنى تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش ھەم سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ تەڭشەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ساغلاملاشتۇرۇپ، سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

---

ئىزاھات:

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (ئىلمىي سوتسىيالىزم قىسمى) 46 - بەت. ئۇيغۇرچە.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشى توغرىسىدا

▲ ئابدۇكېرىم يۈسۈپ ▲

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ سىياسىي قارىشى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، خوجايىنلىق ئېڭى كۈچىيىپ، جامائەتتە سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىسلاھاتقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان كەيپىيات يېتىلىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان سىياسىيغا قاتنىشىش يېڭى تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. لېكىن تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر، شۇنداقلا ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش، سىياسىيغا ئېتىبارسىز قاراش ھادىسىلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش ئەھۋالىغا بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ سىياسىيغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس بولغان سىياسىيغا قاتنىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. سىياسىيغا قاتنىشىش ھەققىدە چۈشەنچە

سىياسىيغا قاتنىشىش ھازىرقى زامان دېموكراتىك سىياسىينىڭ يادروسى، سىياسىينى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بەلگىسى. سىياسىيشۇناسلىقتىكى بىر مۇھىم ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي جامائە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىشقا ئاشۇرۇش، قوغداش ئۈچۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرىدىغان ھەر خىل قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق سىياسىي تۇرمۇشقا قاتنىشىش ھەم سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئايلىنىش ئۇسۇلى، ھەرىكەت مىزانى ۋە سىياسىي تەدبىر بەلگىلەشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان سىياسىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھەم ئۇ بىر دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە دەرىجىسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا سىياسىي مۇناسىۋەتتىكى سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى، تاللاش دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سىياسىي مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. سىياسىيغا قاتنىشىش سۇبيېكتىدىن قارىغاندا، سىياسىيغا قاتنىشىش ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ سىياسىي ھەرىكىتى. سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، سىياسىيغا قاتنىشىش پۇقرالارنىڭ دۆلەتكە بولغان ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت مۇناسىۋىتى. سىياسىيغا قاتنىشىش ئۇقۇمىدىن قارىغاندا، سىياسىيغا قاتنىشىش پە-

قەتلا قانۇنني ۋاستە ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىش پائالىيىتىدە چەكلىنىدۇ. قانۇنسىز ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ نىشانى ۋە ئوبيېكتى دۆلەتنىڭ جامائەت سىياسىي پائالىيىتى.

سىياسىيغا قاتنىشىش بەلگىلىك تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ دۆلەت دېموكراتىك تۈزۈمى بىلەن ئىچكى مۇقەررەر باغلىنىشلىققا ئىگە. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە گەرچە ئىپتىدائىي دېموكراتىك تۈزۈم مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت فورماتسىيىسى بولغان دېموكراتىيە بولمىغاچقا، سىياسىيغا قاتنىشىشتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. سىنىپىي جەمئىيەتتە سىياسىيغا قاتنىشىش ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى گرېتسىيىدە پەيدا بولغان بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازارنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ئۆستى. بىر قىسىم جەمئىيەت ئەزالىرى دېموكراتىك شەكىل ئارقىلىق دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشتى. دېموكراتىك سايلام يولغا قويۇلۇپ، پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى سىياسىيغا قاتنىشىشى پەيدا بولدى. يېقىنقى زامان كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» پرىنسىپىنى ئالدىنقى شەرت، پارلامېنت تۈزۈمىنى يادرو، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى، قانۇنچىلىق نازارەتچىلىكىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بىر يۈرۈش دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىلىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەت جامائىتىنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. لېكىن كاپىتالىستىك ھۆكۈمرانلىقنىڭ ماھىيىتى كاپىتالىستىك جەمئىيەت سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. جامائەتنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ دۆلەت ئەمەلىي سىياسىي تۇرمۇشقا بولغان تەسىرى يەنىلا ئاجىز.

سوتسىيالىستىك دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈمدە خەلق ئاممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنى، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتى، خەلقنىڭ مەنپەئەتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى. سوتسىيالىزم كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىنى زۆرۈر شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى خەلقنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتنىشىدىغان سورۇن، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىمۇ خەلقنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئورگان، ئومۇمەن لېنىن كۆرسەتكەندەك، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە «خەلق ئاممىسى مەدەنىي جەمئىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزى ئاۋاز بېرىش، سايلامغا قاتنىشىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى كۈندىلىك باشقۇرۇشقىمۇ قاتنىشىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا ھەممە ئادەم باشقۇرۇشقا نۆۋەت بىلەن قاتنىشىدۇ.» ①

**2. ساغلام بولغان سىياسىيغا قاتنىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى**

سىياسىيغا قاتنىشىش سىياسىي دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولماقتا. سىياسىيغا قاتنىشىشنىڭ ئىنسانلار سىياسىي تارىخىدا ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان يەر شارى خاراكتېرلىك يۈزلىنىش. شۇڭا دەۋر ئېقىمىغا ماس ھالدا ئېلىمىز سىياسىيغا قاتنىشىش

ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجلىق بولغان سىياسىيغا قاتنىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە نىسبەتەن ئارقىدا قالغان جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان، مەدەنىيەتلىك، دېموكراتىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ توپ كاپالىتى. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1) بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سىياسىيغا قاتنىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسىنى ھازىرلاش لازىم. بازار ئىگىلىكىنىڭ قەدەممۇقەدەم مۇكەممەللىشىشى پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك قارىشى، مۇستەقىللىق ئىرادىسى، رىقابەتكە قاتنىشىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسكارسىز ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا بۇرۇلۇشقا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان يەككە قاتمال پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى يەنە مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، قاتناش، ئۇچۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي ئۇچۇرنىڭ تارقىلىشى ۋە پۇقرالارنىڭ سىياسىي بايلىققا ئېرىشىشىنى زۆرۈر ماددىي ۋە ئۈسكۈنە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، پەقەت پۇقرالارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى يېتەرلىك دەرىجىدە قاندۇرۇلغاندىلا، ئاندىن سىياسىيغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىياسىيغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ.

2) مائارىپ، تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇش، مائارىپ، تېخنىكا سېلىنمىسىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇش ئاساسىدا، مائارىپ، پەن - تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەدەنىيەت، تېخنىكا بىلىملىرى ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئېلىمىز زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە تەكشىسىزلىكى، قاتناش، ئۇچۇر، ئاخبارات تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ قالاقلىقى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بىۋاسىتە دېموكراتىيىنى يولغا قويالماسلىقىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب. شۇڭا بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەت، مەجبۇرىيەتنى پەرق ئېتىش ئېڭى ۋە سىياسىيغا قاتنىشىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، قاتناش، ئۇچۇر تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈسكۈنە قوللىشى بىلەن تەمىنلەپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشىنىڭ ياخشى مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئاساسىنى يارىتىش لازىم.

3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان سىياسىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشى ئۈچۈن ياخشى رول، ھالەت شارائىتنى يارىتىش لازىم. ئىلمىي بولغان سىياسىي مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەم ئىج-

تىمائىي جامائەتنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش پوزىتسىيىسى، ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئېلىمىز ئەنئەنىۋى سىياسىي مەدەنىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، پۇقرالارغا بولغان سىياسىي، ئاساسىي مەدەنىيەت، مائارىپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلاردىكى ئەنئەنىۋى سىياسىي مەدەنىيەت پەيدا قىلغان سىياسىيغا ئېتىبارسىز قاراش، ھوقۇققا چوقۇنۇش، ئۈمىدىنى «پاك ئەمەلدار» لارغا باغلاشتەك خاتا ئاڭلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئېلىمىز پۇقرالىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجلىق بولغان باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، قانۇن ـ تۈزۈم، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، پۇقرالارنىڭ خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال قاتنىشىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس ۋە سىياسىي مەدەنىيەت ئاساسىنى يارىتىش لازىم.

4) سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىياسىيغا قاتنىشىش يوللىرىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشىنى تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. ئېلىمىز سىياسىي تۈزۈلمىسىدە يەنىلا نۇرغۇن ئىللەتلەر مەۋجۇت. ئۆزىنى ماسلاشتۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشەش، ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، سىياسىينى تېخىمۇ دېموكراتىيىلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل ساغلام بولغان سىياسىيغا قاتنىشىش يولىنى شەكىللەندۈرۈش، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، سايلام قانۇنى قاتارلىق ئالاقىدار قانۇنلارغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ سان ـ سۈپىتى ۋە قاتنىشىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ھەقىقىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىق تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل سىياسىي پارتىيە سۈپىتىدە دۆلەت سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى ئىپادىلەشكە ھەم قانۇن ـ تۈزۈم جەھەتتە ئۇلارنىڭ باراۋەرلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر قايسى ئاممىۋى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئەقىل كۆرسىتىش، مەسلىھەت بېرىش ئورگانلىرىنىڭ تەسىرى، پائالىيىتىنى ئاڭلىق قوللاپ ۋە كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز سىنىپىي قاتلىمى ياكى پۇقرالارنىڭ مەنپەئەت تەلىپى، ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، جامائەتنى دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىش جەھەتلەردىكى مۇھىم رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئاممىۋى تارقىتىش تەشكىلىي ئورگانلىرىنى قۇرۇپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ئۇچۇر، ئالاقە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى، ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىلا ساغلاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزىنى باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئاشكارىلاشتۇرۇش لازىم.

سىياسىيغا قاتنىشىش جەھەتتىكى ھەر خىل مەنپەئەت تەلىپىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، ئىجتىمائىي جامائەتنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى

(داۋامى 8 ـ بەتتە)

ئادىللىقىنى، سۈپىتىنى، ئۈنۈمىنى تەكىتلەۋاتىمىز ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش پاساھەتلىك چاقىرىقلارنى قىلىۋاتىمىز. ئاڭلىماققىغا بۇلار كىشىنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالىدۇ، كەلگۈسىنى شۇنچە تەرەققىي قىلغان، شۇنچە گۈزەل قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ھاياتقا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارغا مەپتۇن قىلىدۇ. تەكىتلىنىۋاتقان، چاقىرىق قىلىنىۋاتقان ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن تولىمۇ ئىنتىزارلىق بىلەن دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتچۇ؟ سۆز پەقەت ئېغىزدىن چىققان ئاشۇ مەيداندا قېلىۋېرىپ، رېئال مەزمۇندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. چىرىكلىشىشكە، پارىخورلۇققا، ئەيناۋۇر يەنە نۇرغۇنلىغانلارغا قارشى تۇرۇش چىرايلىق چاقىرىقلىرى شۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. لېكىن پارىخورلۇق، چىرىكلىشىش دېگەندەك نامۇۋاپىق ئىشلارنى يەنە ئۆزلىرى قىلىدۇ. خۇددى «ھەممە ئىشنى موللا بىلىدۇ، موللا قويۇپ كۆلگە سىيىدۇ» دېگەندەك. ئايرىم كىشىلەرنىڭ خىزمەتتىكى ئىمتىيازى تۈپەيلىدىن ئېغىزىدىن چىققىنى بىلەن قىلچە ماس كەلمەيۋاتقان ئەمەلىيىتى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى پەقەت تەشۋىق قىلىپ قويۇۋاتقىنىنىلا چۈشەندۈرىدۇ خالاس. ئەمەلىيەتتە نۆۋەتتە سادىر بولۇۋاتقان ناچار خاھىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

# ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك

▲ يالقۇن ياقۇپ ▲

مۇئەييەن خىزمەت ئىمتىيازىغا ئىگە بولغانلار ئارىسىدا سادىر بولۇۋاتقان تۇرسا، تەشۋىقاتنى يۇقىرىلارغا قارىتىپ قويۇپ ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ سىرتىغا قويۇپ قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزى ئۆلگە بولمىسا، شۈبھىسىزكى خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرمەك ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى خىزمەتنى ئۈنۈمگە، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ ئورۇنداپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ يامىنى شۇكى، يېتەكچى قانداق خىزمەت پوزىتسىيىسىنى تۇتسا، ئەگەشكۈچىلەرمۇ شۇنىڭغا ماسلىشىدۇ. نەتىجىدە يېتەكلىگۈچىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى توغرا ۋە خىزمەت ئۇسۇلى ياخشى بولسا خىزمەت ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن نەتىجىسىنى مۆلچەرلىمەك قىيىن. باشقا ساھەنى قويۇپ يېزا ئىگىلىكىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، تەشۋىقات بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ تۈپتىن ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. مەسىلەن، ھازىر يېزىلاردا رەھبىري كادىرلارنىڭ گاھىلىرى ئۆزلىرى كۆرگەن، گاھىلىرى ئۆزلىرى كۆرمىگەن تېرىلغۇ يېرى بار، يېزىنىڭ سۇغا مەسئۇل كادىرى سۇ قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئەنە شۇنداق يەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ دېھقانلارنىڭ يېرىگە سۇ يېتىشمىگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلارغا مەنسۇپ سۇنىڭ ئاشۇ ئىسمى بار يەرلەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن مەھسۇلاتنىڭ كەملەپ كېتىشىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. دېھقانلارنى بېيىتىمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە سەگەكلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئەسلا يادىغا كەلتۈرمەيدۇ. نامراتلىقنىڭ دېھقانلارغا نىسبەتەن ئاسماندىن چۈشكەن نەرسە بولماستىن، ئەنە شۇنداق ئۇششاق ئەمما قىممەت يارىتالايدىغان نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرنىڭ جۇغلىنىشى تۈپەيلىدىن ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. يۇقىرىغا ياخشى كۆرۈنۈشكە بېرىلىپ تۆۋەننى قايسى دەرىجىدە بېسىۋات-

قانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. دېھقانىنىڭ دەرد ـ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي ئۆز چۈنتىكىنى تومىلدۇرغانلىقىدىن ۋە ياكى قايسىدۇر بىر رەھبەرگە ياردەم قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ ھەم سۆيىنىدۇ، خالاس. بۇ بىر ئاددىي مىسال. بۇنداق مىساللاردىن يەنە نۇرغۇنلىغان كۆرسىتىش مۇمكىن، لېكىن ئۇنى كۆرسىتىپ قويغان بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بەلكى شۇلارنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا دىئاگنوز قويۇشنى بىلگەندىلا، ئاندىن نامۇۋاپىق ئىشلارنىڭ كۆپلەپ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا بولدى قىلماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى «پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا» دېگەندەك، ئالدى بىلەن ھەر قانداق ئىشنى ئۆزىدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. قانداقتۇر باشقىلارنى دەۋەت قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنى شاتۇتى بولۇۋالماسلىق لازىم. ئەگەر ئۆزىمىزدىن باشلاشنى بىلمىسەك، ئۇلگە كۆرسىتىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، مۇقەررەركى خىزمەتنىڭ ئادىللىق، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك تەرىپى سۇسلىشىپ قالىدۇ. ئەمما ئۆزىمىزدىن باشلاشمۇ، ئۇلگە كۆرسىتىشمۇ كۆز بويامچىلىق خاراكتېرىنى ئالماستىن بەلكى ئىزچىل كاپالەتلىك قىلىنىش كېرەك. ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋېلىش يالغۇز خىزمەتنى ئادىل، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان ياخشى ئىستىل. ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋالغاندا تۈرلۈك ئورۇنسىز نۇقسانلاردىن خالىي بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۆۋەندىكىدەك پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

1. ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋالغاندا باشقىلارنىڭ نەپرەتلىنىشىگە ئەمەس، قوللىشىغا ئېرىشكىلى، شۇ ئارقىلىق خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى بىر ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتقىلى بولىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنىڭ جاپالىقىدىن ۋايسىمايدىغان بەلكى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن كەسىپكە بېرىلىدىغان، كەسىپنى قىزغىن سۆيىدىغان مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

2. ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋالغاندا باشقىلارنىڭ نازارەتچىلىكىگە يېقىندىن دىققەت قىلالايدىغان ھەم ئۇنى ئۆز ھەرىكىتىگە تەتبىقلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاسانلا خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. خىزمەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئارازلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

3. ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋالغاندا باشقىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرگىلى، خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى سۈپەت، ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ياخشى ئورۇنداپ كەتكىلى بولىدىغان مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بۇ دەل بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ھەم ئۈمىدىمىز، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋېلىش ئەنە شۇنداق ياخشى شارائىت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ قالماستىن، چوڭقۇرلاپ كىرسەك يەنە نۇرغۇن تەرەپلەرنى بايقاپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەممىدە ئۆزىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋېلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە پايدىلىق، خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ كېتىشىگە پايدىلىق. كونكرېت خىزمەت ئەمەلىيىتىدە سىناپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)

# يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك قىلغاندا «تۇتنى كۈچەيتىش» ى كېرەك

▲ كۇڭ لىنخشاڭ ▲

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، خېلى ئۈنۈم ياراتتى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنىمۇ توپلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى تېخى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. نازارەتچىلىك كۈچلۈك بولماسلىق ھادىسىسى يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە «تۇتنى كۈچەيتىش» كە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىشى كېرەك. بولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش - قىلالماسلىق مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمگە باغلىق، دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىدىكى ئاچقۇچمۇ ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشى ئىشلەشتە. مۇشۇ نۇقتا تۇتۇلسا، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ «جان يېرى» چىڭ تۇتۇلغان بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقى بىلەن نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشى، ھەم ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى؛ ھەم نازارەتچىلىك ئارقىلىق ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ، لاياقەتسىز، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلەرنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسىنى باشتىن - ئاخىر تولۇق ئادا قىلىشىغا، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىدىن ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە خېلى ئوبدان ئۇسۇل - چارىلەرنى تاپتى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىر قىسىم تەجرىبىلەرنى توپلىدى. مەسىلەن، خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ۋە خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىش، باھالاش، قانۇنلاردىن ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. مۇشۇ ئاساستا سالماقنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، يول ئېچىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان قانۇن نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلىشى كېرەك. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش - يۈرگۈزەلمەسلىكى — خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىققا، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ دۆلەت قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشقا يۈزلەنگەندە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان ۋەزىپىسىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خادىملارنىڭ ساپاسىنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشىنىمۇ جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن ئېلىپ بارىدىغان نازارەتچىلىكى ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتچىلىككە قارىغاندا يەنىلا بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ، بۇ خىل ھالەت ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتچىلىكنى كۈ-

چەيتمشتە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنلىرىدا خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش، ئۇنى قاراپ چىقىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنىلا تەدبىر قوللىنىپ، دائىملىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ماھىيەت خاراكتېرلىك نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئالايلۇق، ئۇلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش، ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە كاپالەتلىك قىلىپ، ئادىل ئەدلىيە يۈرگۈزۈپ ۋە ئالاقىدار كىشىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھىم بىر نازارەتچىلىك ۋەزىپىسى قىلىنىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەرزىيەت خىزمىتى كۈچەيتىلىشى كېرەك. ئەرزىيەت خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدىكى تۈگۈن بولۇپ، خەلق رايىنى ئىگىلەش ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىشتىكى بىر تەدبىر. ھازىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزگىرىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي توپ ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتتە ئۆزگىرىش چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتمۇ بەزى ساھەلەردە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئومۇمىي خەلقنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا كېلىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىدىغان ۋە ئەرز قىلىدىغانلار كۆپەيدى. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئەرزىيەت خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ۋە تەرتىپلەرگە ئاساسەن، بىر تەرەپ قىلىشقا يوللاپ بېرىش، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر بىر ئەرزخەتلەرنى ياخشى بېجىرىپ، «ھەر بىر ئىش ئەمەلىيلەشكەن بولۇش، ھەر بىر پارچىسىنىڭ جاۋابى بولۇش» نى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خىزمەتلەرنى كونكرېت، ئىنچىكە ئىشلەش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. نازارەتچىلىك خىزمىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەرز قىلىپ كەلگەن ئاممىنىڭ ھەممىسى رازى بولغۇدەك جاۋابقا ئىگە بولالىسا، بۇ نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە خىزمەت قىلىدۇ، ئاممىا ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار بەرگەن تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلەر ئاممىنىڭ ساداسى ۋە تەلىپىنى ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ. كونكرېت خىزمەت جەريانىدا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىش، مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىنى بېكىتىش ئارقىلىق، بىر تەرەپ قىلىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنى ياكى مۇدىرلار يىغىنى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپ قىلىنىش پۇختا بولمىغانلىرىغا نىسبەتەن تەنقىد بەرسە ۋە قەرەل ئىچىدە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەر قانچىكى ئەستايىدىل بېجىرىلسە، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىش قىزغىنلىقى شۇنچە ئاشىدۇ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنىمۇ شۇنچە قوللايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ۋەكىللەر «تەكلىپ بەرسە، بەرمىسە بەرىبىر» دەپ قارىلىدىغان بولسا، ۋەكىللەر بېرىدىغان تەكلىپ سانى ۋە سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ-دە، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل
20 - يانۋار سانىدىن)

ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى

# قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا

▲ سەمەت دۇگايلى ▲

دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى پىلانلىق قانات يايدۇرۇش يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئەكسى ھالدا، شەكىلۋازلىقنى قوغلىشىپ، ئالدىن پىلانلىماي، تەرتىپى ۋە باسقۇچى بولمىغان ھالدا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بەزى ناچار ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا كۈچەيتكىلى ۋە ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى.

## يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەنىسى ۋە مەقسىتىنى توغرا چۈشىنىش لازىم

ھەممىگە مەلۇمكى، ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى يېپىق مەزگىلدە، خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان دائىمىي كومىتېت ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. دۆلەت قانۇنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا يەرلىك نىزام تۈزۈش ھوقۇقى، قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلۈك تۈپ ھوقۇقنى ئاتا قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە قارىتا قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ھوقۇقى سانىلىدۇ. قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل يوللار، ئوخشىمىغان شەكىللەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش يۇقىرىدا دېيىلگەن قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىشنى بولغا قويۇشنىڭ بىر تۈردىن ئىبارەت.

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دېگىنىمىز، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنى ئاتا قىلغان فۇنكسىيىسى بويىچە، شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىش يۈرگۈزگەن - يۈرگۈزمىگەنلىكى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قىلغان - قىلمىغانلىقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىگىلەپ چىقىشقا قارىتىلغان قانۇنىي نازارەتچىلىكتۇر. ئۇ نوپۇزلۇق بولۇش، قاراتمىلىقى بولۇش ۋە قانۇنىي تەرتىپچانلىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تەكشۈرۈشنىڭ سۇبيېكتى ھاكىمىيەت ئورگىنى، تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى، ئومۇمەن تەڭ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ۋە ئەدلىيە ئورگىنى بولىدۇ. تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەلۇم قانۇن، مەلۇم نىزامنى ئىجرا قىلىشتىكى ئەھۋال، جەريان ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلەش؛ تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىشلارنى يەنىمۇ ياخشى بېجىرىشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىنى قوللاش ۋە تۈرتكە بولۇش، قانۇنلار ۋە نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشى، ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي

ئىشلارنىڭ قانۇنچىلىق يولىدا يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن
يۈرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

## نۆۋەتتىكى قانۇن ئىجراسىنى
## تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي
## ۋەزىپىسىگە توغرا
## قاراش كېرەك

ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈك-
سىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قانۇن ئىجـ-
راسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە
قانات يايدۇرۇپ، خېلى مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بول-
دى، بۇ خىزمەت يىلسېرى كۈچىيىپ، تەكشۈرۈش
دائىرىسىمۇ يىلدىن يىلغا كېڭەيدى، ئۈنۈمىمۇ بار-
غانسېرى ياخشى بولدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ-
كى، جايلارنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشى ئۈزلۈك-
سىز ئۆسۈپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى مۇ-
ھىم ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى؛ تەكشۈرۈشنىڭ
مەزمۇن قاراتمىلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئو-
مۇمەن، قانۇن ئىجراسى جەريانىدىكى ھالقىلىق، ئاچ-
قۇچلۇق مەسىلىلەر تۇتۇلماقتا؛ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى
جەھەتتىمۇ بارغانسېرى بېكىتىلىق ۋە ياخشىلىنىشلار
بارلىققا كېلىپ، بەلگىلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.
قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ھەر
قايسى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ
قانۇنچىلىق ئېڭى كۈچەيدى، قانۇنلارنىڭ نوپۇزى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلدى.

لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يەرلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش
خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى، نېمىلا دېگەن بىلەن
تېخى يېقىنقى يىللاردا قولغا ئېلىنغان خىزمەت بول-
غانلىقتىن، تونۇش جەھەتتە يەنىلا چوڭقۇر بولماس-
لىق، خىزمەتلەردە ئىنچىكە ھېساب بولماسلىق،
خىزمەت سالمىقى يېتەرلىك بولماسلىق، نەتىجە -
ئۈنۈم كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىق، ئورگانلار ۋە تار-
ماقلار ئارا ماسلىشىشچانلىق ئەتراپلىق بولماسلىق،
تەكشۈرۈش جەريانى تەرتىپلىك بولماسلىقتەك ھالەت-
لەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەردە نۆۋەتتىكى بىر نەچ-
چە نۇقتىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قا-
نات يايدۇرۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش لازىم. نۆۋەتتە،
ئېلىمىز پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئى-
گىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش ئۆتكۈنچى دەۋرىدە
تۇرماقتا. كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا تېخى ئومۇمىيۈز-
لۈك ھالدا شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان قانۇنچىلىق
كۆز قارىشى تۇرغۇزۇلغىنى يوق. بولۇپمۇ بىر قىسىم
رەھبىرىي كادىرلاردا ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئەھ-
مىيەت بېرىپ، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا سەل قا-
راش خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر. بۇنداق ئەھۋالدا،
مەيلى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى سۇبيېكت بولسۇن ياكى
قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچى ئو-
رۇندا بولسۇن، بۇ خىزمەتكە نىسبەتەن بەلگىلىك دە-
رىجىدە ئادەتلىنەلمەسلىك ھەتتا ماسلىشىپ كېتەل-
مەسلىكتەك پىسخىك ھالەت ساقلانماقتا. بۇ قانۇن
ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇ-
لۇشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. 2. تەكشۈرۈش
سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ
قويماسلىق لازىم. نۆۋەتتە، ھاكىمىيەت ئورگىنى ھە-
مىشە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە
ياردەم بېرىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا
چىقىدۇ. ھالبۇكى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار-
مۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نوپۇزىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم-
لىشىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقاندەك قىيا-
پەتتە ماسلىشىۋاتىدۇ. نەتىجىدە، قانۇن ئىجراسىنى
تەكشۈرۈش بىرلەشمە تەكشۈرۈشكە ئايلىنىپ قې-
لىپ، ئەمەلىيەتتە، گويا يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي
ئورگان تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگاننىڭ خىز-
مىتىنى تەكشۈرگەندەك ھالەت شەكىللىنىپ، قانۇن
ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى گەۋدە-
لەنمەيۋاتىدۇ. 3. پىلان ئەتراپلىق، ماسلىشىش يې-
تەرلىك بولۇشى لازىم. بەزى تەكشۈرۈشلەر تۇسات-
تىن، ئۇشتۇمتۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، تېگىشلىك
ئۈنۈمگە ئېرىشىش، بەلگىلىك نەتىجە قازىنىش ئۇيات-
تا تۇرسۇن، تەكشۈرگۈچىلەر زېرىكىش، تەكشۈرۈل-
گۈچىلەر بېسىم ھېس قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ ساقلان-
ماقتا. شۇڭا، تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن تۈت-
قان مەسىلىنىڭ تايىنى يوق، ئوبدانراق خۇلاسىمۇ

يوق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. بۇنداق ئىكەن، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر بېرىشتىن ياكى توغرا پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئېغىز ئېچىش قىيىن.

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك.

### ئاچقۇچ — خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆزىدىكى ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۈستىدە سۆزلىگەندە، تەكشۈرگۈچى بىلەن تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ زىددىيەتنىڭ ئىككى تەرىپى ئىكەنلىكىنى كۆرۈش لازىم. بۇ زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپى تەكشۈرگۈچى بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سۇبيېكتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئېنىقسىز تونۇشلار ساقلانماقتا:

بىرىنچى، قىيىنچىلىق ھېس قىلىش تونۇشى. بۇنداق تونۇشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك بويىچە، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلغانلىقتىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشىنىڭ رولى ئۇنچە چوڭ بولۇپ كەتمەيدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ ھېچقانچە ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ھەمكارلىشىدۇ، دەپلا تونۇش. بۇنداق تونۇشتىكىلەر: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ھەمكارلىشىش ۋە ماسلىشىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. مۇنداق تونۇشتىكىلەر بىلىپ - بىلمەي ئۆزىنى بويسۇنغۇچى قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى، شەكىل دەپلا تونۇش. بۇنداق تونۇشتىكىلەر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇرۇن پارتكوم ياكى ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن. خەلق قۇرۇلتىيىغا كېلىش پەقەت خىزمەت ئورنىنىڭ ئالماشقانلىقىدىن باشقا ئىش ئەمەس. ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە قارىتا ماھىيەتلىك نازارەتچىلىك قىلغىلى بولىدىغان نېمە بار؟ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پەقەت شەكىلدىنلا ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىقىدەك تونۇش ۋە قاراشلار توغرا ئەمەس. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سوتسىيالىستىك سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدەك ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، سوتسىيالىستىك سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇنچىلىق سىستېما قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋەزىپە.

دەرۋەقە، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشتا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر قايسى سىياسىي تەشكىلاتلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش قىيىن توختىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ناھايىتى زور، مۇھىم مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە زىممىسىگە ئالغاچقا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك يۈرگۈزۈپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى، ھەم خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە دېموكراتىك ھوقۇق ئىجرا قىلىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ھەم سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ بولىسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنى چوقۇم كۈچەيتىش كېرەك. ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ ئەمەس، ھەر چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ!

دۆلىتىمىزنىڭ ئاپپاراتى ھاكىمىيەت ئورگىنى، مەمۇرىي ئورگان ۋە ئەدلىيە ئورگىنىدىن تەشكىللەنگەن، ئۇچىلىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ. ھاكىمىيەت ئورگىنى قانۇن تۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، مەمۇرىي ئورگان قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈر-

گۆزىدۇ، ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە ئەدلىيىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇن تۈزگۈزۈش ئورگىنىنىڭ يەنە مەمۇرىي ئورگان ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا قارىتا قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىدىغان مۇناسىۋىتىمۇ بار بولۇپ، بۇنى ھەرگىز ئادەتتىكىچە ماسلىشىش مۇناسىۋىتى دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئاددىي ھالدىكى ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى دەپ چۈشىنىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق تونۇلسا ۋە چۈشىنىۋېلىنسا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى ئۆز مەيلىچە تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، باشقا ئورۇنلاردىن خەلق قۇرۇلتىيىغا كېلىپ ئىشلەۋاتقانلار بۇرۇنقى خىزمەت تەپەككۇرى ۋە ئادىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەپەككۇرى ۋە ئادىتىگە ئۆزگەرتىشى؛ دۆلەت كۆز قارىشى، قانۇنچىلىق كۆز قارىشى، ئومۇمىي دائىرە كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، پارتىيىگە، دۆلەتكە، خەلققە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

## پىلانچانلىق بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم

دۆلەت قانۇنلىرى ۋە يەرلىك نىزاملارنىڭ كەينى-كەينىدىن تۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇشىدا پەيدىنپەي قانۇن- تۈزۈملىشىش يولىغا مېڭىش روياپقا چىقىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنىنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ، ۋەزىپىسىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. بۇنداق ئەھۋالدا، قانۇن ئىجراسىنىڭ ئۈنۈملىكلىكىگە ۋە ئەستايىدىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پارتكوملارنىڭ ئۆز رايونىدىكى ئومۇمىي خىزمەتلەرگە بولغان ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ قەيەللىك پىلانىنى تۈزۈشى، پىلاننى ئورۇنداشتا ئەتراپلىق، كونكرېت چارە ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ دائىرىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، يۇقىرى - تۆۋەن ۋە دائىرىلىك مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشنى ئوبدان ئىشلەپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە بىلەن ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەلۇم تۈر بويىچە تەكشۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇھىملىقى، ئىجراچانلىقى ھەم كۆزلەنگەن ئۈنۈم قاتارلىقلارنى تولۇق مۆلچەرلەپ ھېسابقا ئېلىش، تەكشۈرۈش تېمىسىنى توغرا، ئوبدان تاللاش؛ مەخسۇس كومىتېتلار دائىمىي كومىتېتنىڭ پىلانى بويىچە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش؛ يۇقىرى - تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارىسىدا ئەھۋال، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، خىزمەتلەردىكى ماسلىشىشچانلىقنى كۈچەيتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاز لېكىن ساز بولۇش، ئاز بولسىمۇ چوڭقۇر بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەممىنى تەكشۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداقتا، مۇھىم نۇقتا ۋە ئاچقۇچلۇق مەسىلە قايسىلار؟ 1) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى؛ 2) ئۆز جايىدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىغا چېتىلىدىغان زىچ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى؛ 3) كۆپ ساندىكى ئامما چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ھەل قىلىنىشى ۋە ياخشىلىنىشى جىددىي تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ياكى شۇ ئىشلارغا دائىر مەسىلىلەر؛ 4) مەلۇم دائىرىدىكى مەسىلىلەر قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەل بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولالايدىغان مەسىلىلەر ۋە ئىشلار. قىسقىسى، بىر قېتىملىق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە بىر نۇقتىنى تاللاش، ئاساسىي تەرەپنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرنى تۇتۇش بىلەن بىر نەچچىنى ھەل قىلىش ئۈنۈمىگە يېتىش كېرەك.

### قانۇن تەرتىپكە ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەت ھالقىلىرىنى پۇختا ئىگىلەش لازىم

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا خىزمەت تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشكىمۇ ئوخشىمايدۇ. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ قانۇن بويىچە ئىشلىنىشىدە. يەنى، بىر قەدەر كۈچلۈك قانۇنىي تەرتىپچانلىقىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنىي تەرتىپكە ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا، 1) تەكشۈرۈش سۇبيېكتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئىچىگە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر نەچچە ۋەكىلىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، بۇلاردىن تەكشۈرۈش سۇبيېكتى شەكىللەندۈرۈش، ئاندىن مەمۇرىي، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇش لازىم. مەمۇرىي، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇش ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەھۋال ئىگىلەش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق. لېكىن ئۇلارمۇ تەكشۈرۈلگۈچى ئوبيېكت بولغانلىقتىن، تەكشۈرۈش سۇبيېكتى مەۋقەسىدە تۇرسا بولمايدۇ. 2) كۆڭۈلدە سان بولۇشى لازىم، ھەر بىر تۈردىكى تەكشۈرۈشتە، ئىشتىن ئاۋۋال چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىمكان بار ئالاقىدار قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، دوكلات مەزمۇنىنىڭ شۇ قانۇن ياكى نىزامنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئائىت بولۇشىنى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلىش لازىم. 3) تەكشۈرۈلگۈچى ئوبيېكت خىزمەت دوكلات قىلغاندا، سۆزلىگۈچى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ تەركىبىدىكىلەر بولۇشى، باشقا ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ ۋاكالىتەن دوكلات قىلىپ، سۆزلەپ قويۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكىلەردىن باشقا ئورۇنلارنىڭ قانۇن ئىجراسى ئۈستىدە ئەھۋال دوكلات قىلىشى، پرىنسىپ جەھەتتە قانۇنىي تەرتىپكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. 4) پىكىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يىغىنچاقلاپ، ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈش لازىم. تەكشۈرۈش سۇبيېكتى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتكە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى، يەنى ئومۇمىي باھا، ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى يەتكۈزۈشى لازىم. جازالاشقا تېگىشلىك قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەر بولسا، ئومۇمەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار كونكرېت ئىجرا قىلىشى كېرەك. 5) دوكلات قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. مەلۇم تۈردىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلغان، تەھلىل - مۇلاھىزە بولغان، پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان دوكلات يوللاش ۋە بۇ دوكلاتنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش لازىم.

شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلىشى زۆرۈر دەپ قارىغان مەسىلىلەر بولسا، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئېنىق پىكىر بىلەن قوشۇپ ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى سوراشقا تېگىشلىك بولسا سوراش، سۈرۈشتۈرمە قىلىشقا تېگىشلىك بولسا سۈرۈشتۈرمە قويۇپ جاۋاب ئېلىش لازىم.

### خىزمەت ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىش، تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى قوغلىشىش كېرەك

خىزمەت ئۇسۇلى مەقسەت ۋە ئۈنۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۈنۈمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش، ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم. ھازىرقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، تەكشۈرۈش ۋەزىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى بىر تۇتاش ھەرىكەتلىنىش ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمىي كومىتېتى بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش ياكى مە-
لۇم مەخسۇس كومىتېتنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەك-
شۈرۈش ئۇسۇلىنى ئويلىنىپ بېقىشقا بولىدۇ.
كونكرېت تەكشۈرۈش ۋاقتىدا دوكلات ئاڭلاش بىلەن
ئەمەلىي تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئومۇمىيۈزلۈك
تەكشۈرۈش بىلەن مۇھىم نۇقتىنى ئوپېراتسىيە قى-
لىشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئوچۇق تەكشۈرۈش بىلەن ئاي-
رىم زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش؛
ئەمەلىي تەكشۈرۈش بىلەن ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى
كۆرۈش، ۋەكىللەر ۋە ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭ-
لاشنى بىرلەشتۈرۈش؛ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش
بىلەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ـ بىر تەرەپ قى-
لىش، تەرتىپكە سېلىش ـ ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئې-
لىپ بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى

قوللىنىپمۇ خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولى-
دۇ. بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى
تەڭ قوللانغاندا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش-
قىمۇ بولۇشى مۇمكىن. تەسىرى كەڭرەك قانۇن ئىج-
راسىنى تەكشۈرگەندە، جامائەت پىكرىنى ماسلاشتۇ-
رۇشقا، پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلىشقىمۇ بو-
لىدۇ. بۇنىڭدا بەلگىلىك ۋەزىيەت يارىتىپ، نۇقتا بو-
يىچە داغدۇغا پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.
مەيلى قايسى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىلسۇن، خىز-
مەت سالمىقىنى زورايتىش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆ-
كۈش، ئاممىغا ئارىسىغا بېرىش، بىرىنچى قول ماتېرى-
يالنى قولغا كەلتۈرۈش، چوڭقۇر، ئىنچىكە، ئەمەلىي
بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەك-
شۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى سەۋىيە يارىتىش لازىم.

(بېشى 43 ـ بەتتە)

ئۈچۈن، كەنت مالىيىسىدىن 26 مىڭ يۈەن ئاجرى-
تىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئون يۈرۈش پارتا
ـ ئورۇندۇق ياسىتىپ بەردى؛ مەكتەپنىڭ 136 مېتىر
قورۇ تېمىنى ياساپ بەردى. مەكتەپتىكى 94 ئوقۇغۇ-
چىنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى كەنت ئۈستىگە ئېلىشنى
بېكىتتى.
ئىسمايىل ناسىرنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدى-
كى بىر بەن ئادەمگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئاممىنى
بېتەكلەشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىكار كەتمى-
دى. ئىگىلىك گۈللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈندىن
ـ كۈنگە يۈكسىلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەپ يا-
شناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.
ئاشلىقنىڭ مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتى 1997 ـ
يىلدىكى 401 كىلوگرامدىن 1998 ـ يىلدىكى 7. 419
كىلوگرامغا يېتىپ، 7. 18 كىلوگرام ئاشتى. كى-
شى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 1000 كىلوگرام-
دىن 1020 كىلوگرامغا يەتتى. پاختىنىڭ بىرلىك
مەھسۇلاتى 8. 93 كىلوگرامدىن 4. 97 كىلوگرامغا
يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم
1997 ـ يىلدىكى 2003 يۈەندىن 2043 يۈەنگە يېتىپ،
40 يۈەن، چارۋا 1997 ـ يىلدىكى 1782 تۇياقتىن

1998 ـ يىلدىكى 1885 تۇياققا يېتىپ، 103 تۇياق
ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋا 4. 3
تۇياقتىن 6. 3 تۇياققا يەتتى. كەنت مەبلىغى 1997 ـ
يىلدىكى 350 مىڭ يۈەندىن 1998 ـ يىلدىكى 360
مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10 مىڭ يۈەن ئاشتى. چوڭ
تىپتىكى تراكتور ئۈچكە، چاتما سايمان 78 گە يەت-
تى. دېھقانلار بېيىغاندىن كېيىن، ئېشىنچا پۇللىرىنى
بانكىدا ئامانەت قويدى. بىر قىسىم دېھقانلار ئاپتومو-
بىل، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى
سېتىۋالدى.
يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن، قاتاڭلىق 5 ـ
كەنتى بۇلتۇر 7 ـ ئايدا ۋىلايەت بويىچە «ھاللىق سە-
ۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگىلىك كەنت» بولۇپ باھالى-
نىپ مۇكاپاتلاندى. ئىسمايىل ناسىرمۇ يېزا، ناھىيە،
ۋىلايەت تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»،
«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، «پىلا-
نلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدىكى تۆھپىكار»،
«ماتارىيىنى قوللاشتىكى ئىلغار شەخش»، «دېھقانلار-
نى ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەشتىكى باشلامچى» بو-
لۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.
(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ياپچان
بازارلىق ھۆكۈمەتتىن)

# سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا

▲ خالىدە يارمۇھەممەت ▲

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇن بىلەن تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ.

قانۇنچىلىق بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ بىر فاڭجېنى. يولداش دېڭ شىياۋپىڭ ئىجادكارلىق بىلەن «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ: قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشى شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، دەپ كۆرسەتتى.

**1. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم تەرەپلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇنلار بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.**

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تۆت سۆزلۈك فاڭجېنىدىكى ئاساسلىنىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ بولۇپ، ئۇ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىدىن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ھەر خىل قانۇنلارنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئەمەل قىلىدىغان ئاساسقا ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە ھەقىقىي قەدەم قويدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشلەر بولدى، 1979 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە بولغان 17 يىلدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى جەمئىي 280 قانۇن تۈزدى. گوۋۇيۈەن 800 دىن ئارتۇق مەمۇرىي نىزام، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى 4000 پارچە يەرلىك خاراكتېردىكى نىزام تۈزدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدە قانۇننىڭ دۈشمەنگە زەربە بېرىش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش جەھەتتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. لېكىن ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارنىڭ بەزىلىرى تازا مۇكەممەل ئەمەس، بولۇپمۇ بەزى مۇھىم، جىددىي ئېھتىياجلىق قانۇنلار تې-

خى تۈزۈلمىگەچكە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش يۈنىلىشىگە ئاتلىنىش نۆۋەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان ھەم جىددىي، ھەم مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن چىقىرىشنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچىدىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قانۇن چىقىرىش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان: 1) دۆلەتنىڭ ئۆزىگە لايىق قانۇنى بولۇش، قانۇنچىلىق مۇكەممەل بولۇش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ھازىرقى مەسىلە شۇكى، قانۇنلار تېخى تازا مۇكەممەل ئەمەس، نۇرغۇن قانۇنلار تېخى تۈزۈلۈپ چىقىلمىدى، شۇڭا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى مەلۇم دېموكراتىك تەرتىپ بويىچە مۇكەممەل قىلىپ ماقۇللاش ... دۆلەت بىلەن كارخانا، كارخانا بىلەن كارخانا، كارخانا بىلەن شەخسلەر ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ بىر مۇنچىسىنى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. 2) تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇۋاپىق قانۇن- پەرمانلار ئارقىلىق ئىش تاشلاش، دەرس تاشلاشتىن بۇرۇن ئالدىن ياراشتۇرۇشنى، نامايىش ئۆتكۈزۈشتە ئالدىن رۇخسەت ئېلىش ... قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە قانۇنسىز گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىشىنى مەنئى قىلىشنى بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلىمىز» دەپ كۆرسەتتى. ئىككىنچىدىن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىشنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسىنى توغرا تونۇش لازىم. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يەرلىك قانۇن چىقىرىشنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى. نۆۋەتتە جىددىي ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن ئىپادىلىنىدۇ:

1) يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تولۇقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئىقتىسادىي ساھە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى چىقاردى ۋە ئېلان قىلدى. لېكىن بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر قەدەر تارقاق، ئەستە قالدۇرۇش قىيىن، ئىشلىتىش بىر قەدەر قولايسىز. تۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بېكىتىلىپ بولغان قانۇن، ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم نىزام، ئۆزگەرتىلگەن بەلگىلىمە ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمە قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا قانۇن - نىزام توپلىمى قىلىپ چىقىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. 2) يەرلىك قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشقا ئا-

ئىت قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3) يەرلىك قانۇن چىقىرىشنىڭ چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قانۇن - نىزاملارنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**2. يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن تۈزۈلگەنىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش دېگەن تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.**

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە پۈتۈن مىللەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1990 - يىلى 1 - ئايدا قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «بىزنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىمىز پۈتۈن خەلققە قارىتا قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. دېمەك، پۈتۈن مىللەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلاردا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، كۈندىلىك خىزمەت، تۇرمۇش داۋامىدا قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرا بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ھەم ئۇزاققىچە تېنچ - ئامان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش كۆز قارىشى كۈچەيتىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇن تۈزۈلگەنىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش دېگەن قائىدىنى ھىمايە قىلىپ كەلدى. لېكىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن بىلىمى بىر قەدەر ئاز، قانۇن ئېڭى يۇقىرى ئەمەس؛ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى تېخى كۈچلۈك ئەمەس، ئۇلاردا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ئاڭلىقلىقى ۋە ئادىتى كەمچىل، خېلى بىر قىسىم قانۇن - نىزام ۋە قائىدىلەرگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىنمىغانلىقتىن، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپلەپ مەۋجۇت. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، جىنايى ئىشلار دېلولىرى بولۇپمۇ چوڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش مىقدارى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ۋەزىيىتى جىددىي بولماقتا. ئىككىنچىدىن، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ئىقتىسادىي جىنايەت بەزى جايلار ۋە بەزى تارماقلاردا يەنىلا خېلى دەرىجىدە ئېغىر. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي ساھەدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار يەنە خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك. تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا نۇرغۇن ساھەلىرىدە تۈزۈلگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلماسلىق ئەھۋالى يەنىلا كۆپلەپ مەۋجۇت. دېمەك، پۈتۈن مىللەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر ئىنقىلاب، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. شۇڭا بۇ خىزمەتنى ھازىردىن باشلاپ ھەمدە تۆۋەندىكى تەدبىرلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:

1) قانۇنچىلىق توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى ئۇزاققىچە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. مەسىلەن، يېزىلار

ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە بىر قېتىم پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئومۇميۈزلۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش لازىم. 2) پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان تاشقى مۇھىت يارىتىش لازىم. مەسىلەن، قانۇنچىلىق مەزمۇنىغا ئىگە رادىئو خەۋەرلىرىنى تارقىتىش، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى بېسىپ تارقىتىش، لېكسىيە، دوكلات ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش لازىم. 3) قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى قەتئىي يولغا قويۇش لازىم.

**3. قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قەتئىي بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئورۇنداش لازىم.**

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تۆت سۆزلۈك فاڭجېنىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قەتئىي بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش — قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ. بىر تەرەپتىن، ئۇ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلاردىن ئادىللىق بىلەن دېلو بىجىرىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ھەر خىل دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەملەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلاردىن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، جەمئىيەتتىكى بارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشنى ھەمدە ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم:

1) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىپ، ئەدلىيە پائالىيەتلىرىدە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قەتئىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

دۆلىتىمىزدە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك جەھەتتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە، ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قەتئىي بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش دېگەن تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق كۆرۈلسە چوقۇم تۈزىتىش قاتارلىق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنماقتا.

2) مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى ياخشىلاپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەسىدە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قەتئىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەسىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى ۋە تەرتىپ بويىچە، كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئارقىلىق دۆلەتنىڭ قانۇنىنى يولغا قويۇش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ياكى قانۇن - نىزاملار تەرىپىدىن مەمۇرىي ھوقۇق بېرىلگەن باشقا تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت نامىدىن ئېلىپ بارىدىغان پائالىيىتىدۇر. شۇڭا، ئۇ دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىگە ئىگە پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى مەمۇرىي ئورگانلار دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى، يەرلىك نىزاملارنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇنغا ئاساسەن تۈزگەن مەمۇرىي

نىزام - قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. مەمۇرىي ئورگانلار دۆلەت ئورگانلىرى ئىچىدە ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەلۇم مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇشى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننىڭ تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن زور مىقداردىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. لېكىن، نۆۋەتتە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە يەنىلا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: بىرىنچىدىن، مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرىنىڭ قانۇن - نىزام قائىدىلىرى ياخشى ئىجرا قىلىنمىدى. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇنلىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرىدە قانۇن ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتتىن ۋاز كېچىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئۈچىنچىدىن، بەزى مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرىدە ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ جازالاش، كەلسە - كەلمەس جازالاش، ھوقۇقسىز جازالاش، جازا ئورنىغا جەرىمانە قويۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم:

1) مەمۇرىي ئورگانلار قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، قانۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەسىلەن، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى سۇبيېكت قانۇنلۇق بولۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى قانۇنلۇق بولۇش كېرەك. 2) قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. 3) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. 4) مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى بەلگىلەش لازىم. 5) مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى قوشۇن ۋە قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارغا بولغان ئىدىيىۋى، قانۇن - سىياسەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى» (1994 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 209 - بەت).

② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 - توم ئۇيغۇرچە نەشرى 790 - بەت

③ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى 234 - بەت، 568 - بەت.

④ «قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش»، 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 73 - بەت.

⑤ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قانۇن - نىزام ۋە قائىدىلەر توپلىمى» 1992 -، 1993 - يىللىق خەنزۇچە نەشرى.

⑥ «شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىقى» 1998 - يىللىق 1 -، 2 - سان. (خەنزۇچە)

⑦ «مەمۇرىي قانۇنشۇناسلىقتىن كونسۇلتاتسىيە» 1998 - يىل 11 - ئايلىق ئۇيغۇرچە نەشرى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - قانۇن فاكۇلتېتىدىن)

# مەمۇرىي تۆلەم ھەققىدە سوئال - جاۋاب

1. مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا قانۇنغا خىلاپ قانداق ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەمگە ئېرىشىش هوقۇقى بولىدۇ؟

جاۋاب: مەمۇرىي جەھەتتىكى تۆلەم مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار مەمۇرىي جەھەتتە خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن هوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، دۆلەت ئۈستىگە ئالىدىغان تۆلەم جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 3 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن كىشىلىك هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان بەش خىل ھەرىكەتتىن بىرنى سادىر قىلغان بولسا؛ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 4 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مال - مۈلۈك هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان تۆت خىل ھەرىكەتتىن بىرىنى سادىر قىلغان بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەمگە ئېرىشىش هوقۇقى بولىدۇ.

«دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 3 - ماددا 5 - تارمىقى ۋە 4 - ماددا 4 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن قانۇنغا خىلاپ باشقا قىلمىشلار دېگەندە، مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى ھەمدە مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار مەمۇرىي هوقۇقنى يۈرگۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى زىيانغا ئۇچراتقان، مەمۇرىي مەسئۇلىيەتكە خىلاپ بولغان ھەرىكەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2. مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ قايسى خىلدىكى مەمۇرىي ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ؟

جاۋاب: بىرىنچى، مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىشى جەريانىدا قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى تۆلەم مەسئۇلىيىتى بولغان شۇ مەمۇرىي ئورگان تۆلەم تۆلىمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقارغان ۋە ياكى شۇ مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۆلەم تۆلەش توغرىسىدا چىقارغان قارارنامىسىدىكى تۆلەم سوممىسىغا باشقىچە پىكرى بولسا، بۇ خىلدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلەر ئۈستىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ. ئىككىنچى، مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 3 - ماددا 3 -، 4 -، 5 - تارمىقى ۋە 4 - ماددىس-

نىڭ 4 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن
كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتكە
كىرمەيدىغان ھەرىكەتنى ئېلىپ بار-
غاندا، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر
ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئۆزىنىڭ
جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك
ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىندى
ياكى زىيان يەتكۈزۈلدى دەپ قارال-
غان، تۆلەم مەجبۇرىيىتى بولغان
مەمۇرىي ئورگان، قانۇن - نىزاملار-
دا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات ئۇ-
زىنىڭ زىيان يەتكۈزۈش ھەرىكىتى-
نىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى
مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن، ئېتىراپ
قىلمىغان بولسا مەمۇرىي جەھەتتە
تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار خەلق سوت
مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە مەمۇرىي
تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ. ئۇ-
چىنچى، مەمۇرىي تۆلەم تەلەپ قىل-
غۇچىلار مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ
خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا ھو-
قۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ مە-
مۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە، قانۇنغا
خىلاپ ھالدا ئېلىپ بارغان كونك-
رېت مەمۇرىي ھەرىكىتى ئۈستىدىن
مەمۇرىي دەۋا بىلەن بىرلىكتە مەمۇ-
رىي تۆلەم دەۋاسىنى قوشۇپ خەلق
سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بو-
لىدۇ.

مەمۇرىي تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى-
لارنىڭ ئايرىم مەمۇرىي تۆلەم دەۋا-
سى قىلىشىدا، تۆلەم مەجبۇرىيىتى
بولغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئالدى
بىلەن تۆلەش ياكى تۆلىمەسلىك
توغرىسىدا قارار چىقىرىشى شەرت
قىلىنىدۇ. مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم
تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تۆلەم مەجبۇ-
رىيىتى بولغان مەمۇرىي ئورگان چى-
قارغان قاراردىكى تۆلەم سوممىسى-
غا باشقىچە پىكرى بولسا ياكى شۇ
مەمۇرىي ئورگان قانۇندا بەلگىلەن-
گەن سۈرۈك توشسىمۇ تۆلەم قارا-
رى چىقارمىسا ئۇلار خەلق سوت
مەھكىمىسىگە مەمۇرىي جەھەتتە
تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ. تۆتىن-
چى، قانۇندا «مەمۇرىي ئورگانلار
ئاخىرقى كېسىمنى چىقىرىدۇ»
دەپ بەلگىلەنگەن كونكرېت مەمۇ-
رىي ھەرىكەتنى ئاخىرقى كېسىمنى
چىقارغۇچى مەمۇرىي ئورگان قايتا
قاراپ چىقىپ «قانۇنغا خىلاپ ھە-
رىكەت» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن،
ئەمما شۇ تۆلەم مەجبۇرىيىتى بول-
غان مەمۇرىي ئورگان تۆلەشكە تې-
گىشلىك تۆلەم سوممىسىنى قانۇندا
بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە تۆلەپ
بەرمىگەن ياكى ئۇلار چىقارغان تۆ-
لەم بېرىش توغرىسىدىكى تۆلەم قا-
رارىغا باشقىچە پىكىردە بولۇپ،
مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم دەۋاسى قىل-
غان بولسا، بۇ خىلدىكى مەمۇرىي
تۆلەم دەۋاسىنى خەلق سوت مەھكى-
مىسى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىپ
قاراپ چىقىدۇ.

**3. خەلق سوت مەھكىمىسى
قايسى تۈردىكى تۆلەم دەۋالىرىنى
مەمۇرىي جەھەتتىكى تۆلەم دەۋاسى
قاتارىدا قوبۇل قىلسا بولمايدۇ؟**

جاۋاب: «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»
، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» گە ئاساسلان-
غاندا، مەمۇرىي ئورگان خادىملىرى-
نىڭ مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە مۇنا-
سىۋىتى بولمىغان ھەرىكەتلىرى
پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى
باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھو-
قۇق - مەنپەئەتىگە زىيان سالغاندا،
ئۇلار كېلىپ چىققان زىيان ھەققىدە
مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم دەۋاسى قىل-
غان بولسا؛ پۇقرالار، قانۇنىي ئى-
گىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ
ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلى-
رى تۈپەيلىدىن زىيان - زەخمەت
كېلىپ چىققاندا، زىيانلانغۇچىلار
مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم دەۋاسى قىل-
غان بولسا؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن
باشقا ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن زىيان-
زەخمەت كېلىپ چىققاندا، زىيانلان-
غۇچىلار مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم دە-
ۋاسى قىلغان بولسا، بۇ خىلدىكى
دەۋالارنى خەلق سوت مەھكىمىسى
مەمۇرىي جەھەتتىكى تۆلەم دەۋاسى
قاتارىدا قوبۇل قىلمايدۇ.

«قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا
ئەھۋاللار» دېگىنىمىز — خەلق
سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي دەۋا قا-
تارىدىمۇ، مەمۇرىي جەھەتتىكى تۆ-
لەم دەۋاسى قاتارىدىمۇ قوبۇل قى-
لىشقا بولمايدىغان دەۋالارنى كۆر-
سىتىدۇ.

مەسىلەن، مەمۇرىي ئورگانلار
يۈرگۈزگەن دۆلەت مۇداپىئەسى ھە-
رىكىتى، دىپلوماتىيە ھەرىكىتى قا-
تارلىقلار؛ مەمۇرىي ئورگانلار تۈ-
زۈپ ئېلان قىلىپ يولغا قويغان مە-
مۇرىي نىزام، قائىدە ياكى ئومۇ-
يۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە قا-
رار - بۇيرۇقلار قاتارلىق ئابستراكىت-
نى مەمۇرىي ھەرىكەتلەر؛ مەمۇرىي
ئورگانلارنىڭ ئۆز خادىملىرىنى مۇ-
كاپاتلاش، جازالاش، ۋەزىپىگە تە-
يىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش قا-
تارلىق مەمۇرىي ھەرىكەتلىرى؛ قا-
نۇندا «مەمۇرىي ئورگانلار ئاخىرقى
كېسىمنى چىقىرىدۇ» دەپ بەلگى-
لەنگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرى-
كەتلەر (شۇ مەمۇرىي ئورگان ئۆزى-

ىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىد ـ
نى «قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت» دەپ
قارىمىغان دېلولار) ئۈستىدە، پۇق ـ
رالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا
تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي
ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە زىيان كەلتۈر ـ
گەنلىكىنى ئاساس قىلىپ خەلق
سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا،
خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ خىلدى ـ
كى دەۋالارنى مەمۇرىي جەھەتتە تۆ ـ
لەم دەۋاسى قاتارىدا قوبۇل قىلماي ـ
دۇ.

**4. مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن ـ نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتلىرى پۇقرا ۋە تەشكىلات ـ لارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئە ـ تىگە زىيان يەتكۈزگەندە، ئۇلار مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنى قايسى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قىلىشى ـ لىرى كېرەك؟**

جاۋاب: پۇقرالار، قانۇنىي ئى ـ
گىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار مەمۇ ـ
رىي دەۋا بىلەن بىرگە مەمۇرىي تۆلەم
دەۋاسى قىلغاندا، دەۋا سۇنۇلغان
خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي
دەۋا قانۇنىنىڭ 17 ـ، 18 ـ، 20 ـ
ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويى ـ
چە تەۋەلىكنى بېكىتىدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا: 1) مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم
تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تۆلەم دەۋا ـ
سىدىكى تەلىپى كۆچمەس مۈلۈككە
تەۋە بولسا، كۆچمەس مۈلۈك تۇ ـ
رۇشلۇق جايدىكى ئاساسىي قاتلام
خەلق سوت مەھكىمىسىگە تۆلەم
دەۋاسى قىلسا بولىدۇ؛ 2) مەمۇرىي
دەۋا بىلەن بىرگە قىلىنماي ئايرىم
قىلىنغان مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنى
تۆلەم مەجبۇرىيىتى بولغان مەمۇرىي
ئورگان ياكى قانۇن ـ نىزاملاردا ھو ـ
قۇق بېرىلگەن تەشكىلات تۇرۇش ـ
لۇق جايدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق
سوت مەھكىمىسىگە قىلسا بولى ـ
دۇ.

تۆۋەندىكى بىرىنچى سوت مە ـ
مۇرىي تۆلەم دەۋالىرىنى ئوتتۇرا
خەلق سوت مەھكىمىسىگە قىلىش
لازىم: (1) تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى
ئۈستىگە ئالغۇچى تاموژنا، پاتېنت
باشقۇرۇش مەمۇرىي ئورگىنى ياكى
قانۇن ـ نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن
تەشكىلات بولسا؛ (2) تۆلەم مەس ـ
ئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى گو ـ
ۋۇيۈەنىنىڭ تارماقلىرى ياكى ئۆلكى ـ
لىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە
قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈ ـ
مىتى بولسا؛ (3) تەۋەلىكىدىكى تە ـ
سىرى زور ۋە مۇرەككەپ مەمۇرىي
تۆلەم دېلولىرى بولسا.

ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋا ـ
سىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى تە ـ
سىرى زور ۋە مۇرەككەپ بولغان
بىرىنچى سوت مەمۇرىي تۆلەم دەۋا ـ
سىنى شۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون،
بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى
يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە
قىلسا بولىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدى ـ
كى تەسىرى زور ۋە مۇرەككەپ
بولغان مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنى ئا ـ
لىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە قىل ـ
سا بولىدۇ. 3) مەمۇرىي جەھەتتە
تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى ئوخشاش بىر
كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئۈس ـ
تىدە، ئىككىدىن ئارتۇق مەمۇرىي
ئورگان ئۈستىدىن تۆلەم دەۋاسى
قىلماقچى بولسا، قايسى بىر مەمۇ ـ
رىي ئورگان تۇرۇشلۇق جايدىكى
خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا
قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئەگەر مەمۇرىي
جەھەتتە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى باش ـ
قۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقى بولغان
ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھ ـ
كىمىسىگە تۆلەم دەۋاسى قىلغان
بولسا، دەۋا قىلغان ئەرزنى ئەڭ ئاۋ ـ
ۋال قوبۇل قىلغان خەلق سوت مەھ ـ
كىمىسى قوبۇل قىلىپ قاراپ چى ـ
قىدۇ. 4) پۇقرالار، مەمۇرىي ئور ـ
گان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن ـ
نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكى ـ
لاتلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى
چەكلەش ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە
مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىشتەك
كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قا ـ
يىل بولماي مەمۇرىي دەۋا بىلەن بىر ـ
لىكتە مەمۇرىي جەھەتتىكى تۆلەم دە ـ
ۋاسىنى قىلغان بولسا، بۇ خىل دەۋا ـ
نى شۇ مەمۇرىي دەۋانى قوبۇل قىل ـ
غان خەلق سوت مەھكىمىسى بىر ـ
لىكتە قاراپ چىقىدۇ. مۇشۇ مەز ـ
مۇندىكى تۆلەم دەۋاسىنى ئايرىم
قىلماقچى بولسا، تۆلەم مەسئۇلىيى ـ
تىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەمۇرىي
ئورگان تۇرۇشلۇق ياكى مەمۇرىي
جەھەتتە تۆلەم دەۋاسى قىلغۇچى
پۇقرا تۇرۇشلۇق ۋە ياكى كۆچمەس
مۈلۈك تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق
سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بو ـ
لىدۇ.

**5. مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ تەۋەلىكى مەس ـ ىلىسىدە خەلق سوت مەھكىمىلىرى ـ دە ئۆزئارا ئىتتىرىشىش كېلىپ چىقسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: «جۇڭخۇا خەلق جۇم ـ
ھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»

، «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكىچە ھەل قىلىنىدۇ:

1) مەمۇرىي تۆلەم دېلوسىنى قوبۇل قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى، مەزكۇر دېلونىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە كىرمەيدىغانلىقىنى سەزسە ھەمدە بۇ تۆلەم دېلوسىنىڭ قايسى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىنى قانۇنىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا، شۇ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بولغان خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئالاقە بىلەن يۆتكەپ بېرىش كېرەك؛

2) خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئارىسىدا مەمۇرىي تۆلەم دېلوسىنى قوبۇل قىلىش، باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىشلىرى ئۈستىدە تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، تالاش - تارتىش قىلىشقان ئىككى تەرەپ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئۈستىدە كېڭىشىپ ھەل قىلىشلىرى كېرەك، كېلىشەلمىسە، ئۆزلىرىگە ئورتاق بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى بەلگىلەپ بېرىشى ئۈچۈن مەلۇمات يوللاشلىرى كېرەك. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىن ھالقىغان خەلق سوت مەھكىمىلىرى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى كېلىشتۈرەلمىسە، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

**6. مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان شەخسلەرنىڭ دەۋاغا قاتنىشىش ھوقۇق دائىرىسى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم دەۋاسى قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان شەخسلەر دېگىنىمىز مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «مەمۇرىي ھەرىكەتلەرگە قايتا قاراپ چىقىش نىزامى»، «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىغا قاتنىشىش ھوقۇق دائىرىسى مۇنداق بولىدۇ:

1) مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پۇقرا (ئەگەر شۇ پۇقرا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ۋە باشقا بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان تۇغقانلىرى ھەمدە قازا قىلغۇچى ھايات ۋاقتىدا بېقىپ كەلگەن ئەمگەك ئىقتىدارى يوق كىشىلەر) نىڭ مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلىشقا ھوقۇقى بولىدۇ؛

2) مەمۇرىي دەۋانى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى بىلەن قانۇنىي جەھەتتە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان باشقا پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئۈچىنچى كىشى قاتارىدا مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىغا قاتنىشىش ۋە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ؛

3) كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي ئورگان تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن، قوشۇۋېتىلگەن ۋە روبىخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەنلىك قاتارلىق كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن «تىجارەت، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىمىزغا دەخلى - تەرۇز قىلىندى» دەپ قاراپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان بولسا، سابىق كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان، بولۇۋاتقان قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي تۆلەم جەھەتتە دەۋاگەرلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

**7. مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىدا، تۆلەم جاۋابكارلىقى قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

جاۋاب: «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئائىت قانۇنىي ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىدىكى تۆلەم جاۋابكارلىقى ۋە ئۇنى بېكىتىش تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىدىكى تۆلەم جاۋابكارلىقى مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلا-

تلار مەمۇرىي هوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغاندا دۆلەت ئۈستىگە ئالىدىغان تۆلەم جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىدىكى جاۋابكارلىقنى بېكىتىشتە:

1) مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ كونكرېت مەمۇرىي هەرىكىتى ئارقىلىق پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، زىيانلانغۇچى شۇ مەمۇرىي ئورگان ياكى ئۇنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغاندا، مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلىنغان مەزكۇر ئورگان تۆلەمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان جاۋابكار ئورۇن دەپ بېكىتىلىدۇ؛

2) ئىككىدىن ئارتۇق مەمۇرىي ئورگان ئۆزلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ كونكرېت مەمۇرىي هەرىكىتى ئارقىلىق هوقۇقىغا ئورتاق دەخلى - تەرۇز قىلغاندا، مەمۇرىي تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياكى بىر قانچە مەمۇرىي ئورگان ئۈستىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغاندا، دەۋا تەلىپىنى ئايرىغىلى بولسا، مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلىنغان هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچى بىر ياكى بىر قانچە مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي تۆلەمنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورگان قىلىپ بېكىتىلىدۇ؛ ئەگەر مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنىڭ دەۋا تەلىپىنى ئايرىغىلى بولمىسا، بۇ خىل دەۋانى قوبۇل قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان مەمۇرىي ئورگانلارنى قانۇن بويىچە ئورگان جاۋابكار هېسابلايدۇ.

3) مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنى قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىش قارارى زىياننى ئېغىرلىتىۋەتكەن بولۇپ، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى ئەسلى قارار چىقارغۇچى مەمۇرىي ئورگان ئۈستىدىنلا مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان بولسا، ئەسلى قارار چىقارغۇچى مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورگان قىلىپ بېكىتىلىدۇ؛ ئەگەر مەمۇرىي تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى قايتا قاراپ چىققۇچى مەمۇرىي ئورگان ئۈستىدىنلا مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان بولسا، قايتا قاراپ چىققۇچى مەمۇرىي ئورگان ئېغىرلىشىپ كەتكەن قىسمى ئۈچۈن تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئورگان قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

4) قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات بېرىلگەن مەمۇرىي هوقۇقنى قانۇنغا خىلاپ هالدا يۈرگۈزۈپ ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي هەرىكىتى ئارقىلىق هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولۇپ، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى شۇ تەشكىلات ئۈستىدىن مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان بولسا، تۆلەم دەۋاسى قىلىنغان مەزكۇر تەشكىلات تۆلەم جاۋابكارى قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

5) مەمۇرىي ئورگان هاۋالە قىلغان تەشكىلات ياكى شەخس هاۋالە قىلغان مەمۇرىي هوقۇقنى قانۇنغا خىلاپ هالدا يۈرگۈزۈپ ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي هەرىكىتى ئارقىلىق هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغاندا، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى شۇ تەشكىلات ۋە شەخس ئۈستىدىن مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان بولسا، مەزكۇر تەشكىلات ۋە شەخسنى هاۋالە قىلغان مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي تۆلەمنىڭ جاۋابكارى قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

6) دەۋا قىلىنغان مەمۇرىي تۆلەمنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ هوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈۋاتقان مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار مەمۇرىي تۆلەمنىڭ جاۋابكارى قىلىپ بېكىتىلىدۇ؛ ئەگەر ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلارنىڭ هوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولمىسا، ئەسلىدىكى تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئورگاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورگان قىلىپ بېكىتىلىدۇ؛

7) مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 66- ماددىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى (1996) 12 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا هوقۇق بېرىلگەن تەشكى-

لات خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزىنىڭ يۈرگۈزگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش ئاساسى خاتا ئىكەنلىكى مۇئەييەنلىشىپ مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى كېلىپ چىققان بولسا، مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات مەمۇرىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورگان قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

**8. مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغۇچى دەۋانى مەمۇرىي دەۋا بىلەن بىر ئەمەس، ئايرىم قىلغاندا قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: تۆۋەندىكى يەتتە جەھەتتىكى شەرتنى بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: 1) دەۋاگەر تۆلەم تەلەپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك؛ 2) مەمۇرىي تۆلەمنى ئۈستىگە ئالىدىغان جاۋابكار بولغۇچى مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ 3) تۆلەم تەلىپى كونكرېت ۋە زىيانغا ئۇچراش پاكىت ئاساسى بولۇشى كېرەك؛ 4) مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىش ھەرىكىتى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت بولسا، ئۇ ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك؛ 5) تۆلەم مەجبۇرىيىتى بولغان ئورگان ئالدىن بىر تەرەپ قىلغان ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلمىغان پاكىت ئاساسى بولۇشى كېرەك؛ 6) مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىدە ۋە دەۋا قوبۇل قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغان بولۇشى كېرەك؛ 7) قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋا سۈرۈكىگە ئۇيغۇن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە بولغان بولۇشى كېرەك.

**9. مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغۇچىلار بىلەن تۆلەم مەسئۇلىيىتى بولغان مەمۇرىي ئورگان ۋە قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار قانۇندا بەلگىلەنگەن قايسى سۈرۈككە ئەمەل قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار قانۇندا بەلگىلەنگەن تۆۋەندىكى سۈرۈككە ئەمەل قىلىشلىرى كېرەك: 1) مەمۇرىي تۆلەم مەسئۇلىيىتى بولغان ئورگانلار تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تۆلەم بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئىككى ئاي ئىچىدە «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 4 - بابىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۆلەم بېرىشى كېرەك، قەرەل ئىچىدە تۆلەم بەرمىسە ياكى تۆلەپ بەرگەن سوممىغا باشقىچە پىكرى بولسا، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار تۆلەم مەسئۇلىيىتى بولغان ئورگانغا تۆلەم بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇرغىنىغا ئىككى ئاي توشقان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئايرىم تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ؛ 2) پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي دەۋا قىلىش بىلەن بىرگە مەمۇرىي تۆلەم تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئۇنىڭ دەۋا سۈرۈكى مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ 38 -، 39 - ۋە 40 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ؛ بۇ خىلدىكى دەۋادا مەمۇرىي دېلودىكى دەۋاگەر مەمۇرىي دەۋا قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. 3) مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم مەسئۇلىيىتى بولغان ئورگانلار تۆلەم قارارى چىقارغاندا، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىغا تۆلەم تەلەپ قىلىش دەۋا ھوقۇقى ياكى دەۋا سۈرۈكىنى ئۇقتۇرۇپ قويماسلىق سەۋەبىدىن، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى سۈرۈك توشقاندىن كېيىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلغان بولسا، دەۋا سۈرۈكى، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ دەۋا ھوقۇقى ياكى دەۋا سۈرۈكى ئەمەلىي بېرىلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما، سۈرۈك ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مەمۇرىي ئورگان چىقارغان تۆلەم قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ 4) مەمۇرىي ئورگاننىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغۇچى پۇقرا

ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ۋە بېقىش مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان بولسا، ئۇلار شۇ پۇقرانىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى بىلەن ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

**10. جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەشكە دائىر دېلولار ئۈستىدە زىيانلانغۇچىلار مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىش تەرتىپىچۇ؟**

جاۋاب: «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي ئورگان، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات پۇقرالارغا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللانغان بولۇپ، بۇ خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسا، زىيانلانغۇچىلار قانۇن بويىچە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭغا، ئالاقىدار خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي تۆلەم تەرتىپىنى تەتبىقلاپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەگەر مەمۇرىي ئورگان، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات ياكى ئەدلىيە ئورگىنى پۇقرالارغا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇشتەك مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللانغان بولۇپ، بۇ خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسا، زىيانلانغۇچىلار قانۇن بويىچە تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئالاقىدار خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تۆلەم تەرتىپىنى تەتبىقلاپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئايرىم قىلىنغان مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا:

1) خەلق سوت مەھكىمىسى تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ دەۋا ۋاقتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەتتە كۈن ئىچىدە دېلو ئېچىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا كېسىم چىقىرىش كېرەك؛

2) يەتتە كۈن ئىچىدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمىغانلىرىنى ئالدى بىلەن يەنىلا قوبۇل قىلىشلىرى كېرەك. سوت قىلىش جەريانىدا قوبۇل قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى سېزىلگەنلىرىنى كېسىم ئارقىلىق رەت قىلىش لازىم.

3) تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى ئەرزنى قوبۇل قىلماسلىق ياكى رەت قىلىش ھەققىدىكى كېسىمگە قايىل بولمىسا، كېسىمنامىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئون كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ.

**11. مەمۇرىي تۆلەم دەۋالىرىنى سوتلاپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

1) تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار مەمۇرىي دەۋا بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەمۇرىي تۆلەم تەلىپى ئوتتۇرىغا قويغان ياكى مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات يۈرگۈزگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق سەۋەبىدىن مەمۇرىي تۆلەم تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئالاقىدار خەلق سوت مەھكىمىسى ئايرىم - ئايرىم دېلو ئېچىپ سوت قىلىسىمۇ ياكى قانۇنغا ۋە كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ قوشۇپ سوت قىلىسىمۇ بولىدۇ. سوت قىلىشتا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەمۇرىي تۆلەم تالاش - تارتىشىنى سوت قىلىدۇ ۋە ئۇ ھەقتە قانۇن بويىچە ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىدۇ؛

2) خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي تۆلەم دېلولىرىنى سوت قىلغاندا، مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىنىڭ قانۇنلۇقلۇقى ھەم ئىختىيارىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تۆلەمنىڭ دائىرىسى، تۆلەمنىڭ ئۇسۇلى ۋە تۆلەم سوممىسىنى مۇرەسسە قىلسا بولىدۇ، مۇرەسسە ئۈنۈم بەرسە، مەمۇرىي تۆلەم مۇرەسسەنامىسىنى تەييارلىشى كېرەك؛

3) مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىدىكى جاۋابكار بولغۇچى مەمۇرىي ئورگان، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات بىرىنچى سوت ھۆكۈمى چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى مەمۇرىي تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى بىلەن تۆلەم كېلىشىمىنى ھاسىل قىلىپ، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى دەۋاگەر دەۋادىن كېچىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ

رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا كېسىم چىقىرىدۇ.

4) تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى دەۋاگەر مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسىدا، تۆلەم دەۋاسىنىڭ قانۇنلۇقلۇقى، ئەمەلىي پاكىت ئاساسلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئىسپات كۆرسەتسە بولىدۇ، جاۋابكار بولغۇچى ئورگاننىڭ مەمۇرىي تۆلەم بەرمەسلىك ياكى تۆلەم سوممىسىنى ئازايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دەلىل - ئىسپات ماتېرىياللىرىنى تەمىن ئېتىشى كېرەك.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىككى، ئەگەر جاۋابكار بولغۇچى مەمۇرىي ئورگان ياكى تەشكىلات يۈرگۈزگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت قانۇنغا خىلاپ بولمىسىمۇ، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى دەۋاگەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمىگەن بولسا ياكى دەۋاگەرنىڭ تەلىپىدە قانۇن ۋە پاكىت ئاساسى بولمىسا، ئالاقىدار خەلق سوت مەھكىمىسى تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مەمۇرىي تۆلەم تەلىپىنى مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي ھۆججەتلەر ئارقىلىق رەت قىلىشى كېرەك.

5) تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى مۇئەييەنلەشتۈرمەيلا بىۋاستە مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلغان دېلولارغا نىسبەتەن، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغاندا، تۆلەم مەجبۇرىيىتى بار ئورگاننىڭ زىيان يەتكۈزگەن كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ياكى ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى لازىم.

خەلق سوت مەھكىمىسى ئايرىم دەۋا قىلىنغان مەمۇرىي تۆلەم دېلولىرىغا قارىتا قانۇن بويىچە مەمۇرىي تۆلەم ھۆكۈمنامىسى، مەمۇرىي تۆلەم كېسىمنامىسى ياكى مەمۇرىي تۆلەم مۇرەسسەنامىسى قاتارلىق قانۇنىي ھۆججەتلەرنى چىقىرىدۇ.

12. مەمۇرىي تۆلەم دەۋالىرىنى سوت قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ سۈرۈكى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي تۆلەم دەۋالىرىنى سوت قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ سۈرۈكى مۇنداق بولىدۇ:

1) ئايرىم قوبۇل قىلىنغان بىرىنچى سوت مەمۇرىي تۆلەم دەۋالىرىنى سوت قىلىش سۈرۈكى ئۈچ ئاي بولىدۇ، ئىككىنچى سوت مەمۇرىي تۆلەم دېلولىرىنى سوت قىلىش سۈرۈكى ئىككى ئاي بولىدۇ؛ مەمۇرىي دەۋا بىلەن قوشۇپ قوبۇل قىلىنغان مەمۇرىي تۆلەم دېلولىرىنىڭ سوت قىلىش سۈرۈكى شۇ مەمۇرىي دېلونى سوت قىلىش سۈرۈكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن دېلونى ۋاقتىدا ئاياغلاشتۇرغىلى بولماي، سوت قىلىش سۈرۈكىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەستىقلىتىش كېرەك.

2) قانۇنىي ھۆججەتتە تۆلەم مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن ئورگانلار قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان مەمۇرىي تۆلەم ھۆكۈمنامىسى، مەمۇرىي تۆلەم كېسىمنامىسى ۋە مەمۇرىي تۆلەم كېلىشىمنامىسىنى ئىجرا قىلىشى شەرت. مەزكۇر ئورگان ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا، تۆلەمگە ئېرىشكۈچى تەرەپ بىرىنچى سوتتا سوت قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش سۈرۈكى ئىلتىماس قىلغۇچى پۇقرا بولسا بىر يىل بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچى قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلات بولسا ئالتە ئاي بولىدۇ.

13. مەمۇرىي تۆلەم دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشتا دېلو قوبۇل قىلىش ۋە باشقا تۈردىكى زۆرۈر بولغان ھەق ئېلىنامدۇ - يوق؟

جاۋاب: «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ قوشۇمچە پرىنسىپ قىسمى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەق ئېلىش - ئالماسلىق ئىشى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1) مەمۇرىي تۆلەم جەھەتتە تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلار دۆلەتتىن (دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىن تەلەپ قىلغان تۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تۆلەم تەلەپ قىلسا، تۆلەم مەجبۇرىيىتى بولغان ئورگان قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلاردىن ھېچ قانداق راسخوت ئالمايدۇ، تۆلەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشكەن تۆلەم پۇلىدىن باجمۇ ئېلىنمايدۇ؛

2) تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ زىيان پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا چېتىلىدىغان باھالاش، تەكشۈرۈش، ئىقتىسادىي تەپتىش خىراجەتلىرىنى تۆلەم تەلەپ قىلغۇچى ئالدىن تاپشۇرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ خىراجەتنى دەۋادا يېڭىلگەن تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

# مەمۇرىي تۆلەم، مەمۇرىي تولۇقلىما ۋە مەمۇرىي قۇتقۇزۇشنى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىشقا بولمايدۇ

▲ ئابدۇخېلىل ▲

دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك قانۇن ـ
تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىش كۈچىيىۋاتقان،
جۈملىدىن «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» ، «مەمۇرىي
قانۇن» ، «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ، «مەمۇرىي
جازا قانۇنى» ، «مەمۇرىي ھەرىكەتلەرگە قايتا
قاراپ چىقىش نىزامى» قاتارلىق ھۆكۈمەت
ھەرىكىتىگە چېتىلىدىغان قانۇن ـ نىزاملار
ئىزچىللىشىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە، بەزى مە-
مۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ھەرىكىتى تۇ-
پەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغان پۇقرا، قانۇنىي ئى-
گە ياكى باشقا تەشكىلاتلار كېلىپ چىققان
زىيىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە زى-
ياننى تۆلەش مەسئۇلىيىتى بولغان مەمۇرىي
ئورگانغا ئىلتىماس بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئىل-
تىماس يېزىشتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەمۇرىي
جەھەتتە ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان تو-
لۇقلىما راسخوتىنى «مەمۇرىي جەھەتتە تۆلەم
بېرىلسە» دېسە، يەنە بەزىلىرى ئېرىشىشكە
تېگىشلىك بولغان زىياننىڭ خاراكتېرى «مە-
مۇرىي تۆلەم» دائىرىسىدە بولسىمۇ، ئۇنى
«مەمۇرىي تولۇقلىما» ياكى «مەمۇرىي قۇتقۇ-
زۇش» بېرىلسە دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار
بىلەن ئاتاپ يېزىۋاتىدۇ ياكى يازدۇرۇۋاتىدۇ.
بۇنى پۇقرالارنىڭ ھازىرقى قانۇننى ئىگىلەش،
ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قانۇن ئېڭى نۇقتىسىدا تۇ-
رۇپ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق، ئىل-
تىماس بېرىلگەن مەمۇرىي ئورگان قاراپ چى-
قىش ياكى قايتا قاراپ چىقىش جەريانىدا ۋە
ياكى مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلىنغاندا ئەدلىيە
ئورگانلىرىمۇ ئىلتىماس بەرگۈچىلەر، دەۋا
قىلغۇچىلارنىڭ ئاتىغان تىلى بويىچە ئاتاپ يا-
كى قانۇنىي ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇ-
رۇپ قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنلىرى-
مىزنىڭ ئەينى بويىچە ئىزچىللىشىشىغا نۇق-
سان يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئىلتىماس بېرىلگەن، دەۋا قىلىنغان بۇ
تۆردىكى دېلولارغا قانۇن بويىچە قاراپ چى-
قىش، قانۇن بويىچە سوتلاپ چىقىش، ئاتال-
مىلارنى قانۇندا بېكىتىلگىنى بويىچە ئاتاش،
ھەر قايسىسىنى ئۆز ئورنىدا قوللىنىش ھۆكۈ-
مەت ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ
مۇھىم فۇنكسىيىلىرىنىڭ بىرى.

مەمۇرىي تۆلەم مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇ-
نىڭ خادىملىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا
قىلغان مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا
ئىشلىتىپ ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي
ھەرىكەت پۇقرالارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ
ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-
مەنپەئىتىگە زىيان سالغاندا، «دۆلەت تۆلەم قا-
نۇنى» نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن دۆلەت
ئۈستىگە ئالىدىغان تۆلەم جاۋابكارلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى
باشقا تەشكىلاتلار «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» ،
«دۆلەت تۆلەم قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە
ئاساسەن زىياننى تۆلەپ بېرىشنىلا ئىلتىماس
قىلغان بولسا، ئۇنى ئالدى بىلەن مەمۇرىي ھو-
قۇقنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا يۈرگۈزۈپ زىيان
كەلتۈرگەن مەمۇرىي ئورگان ھەل قىلىدۇ. شۇ
مەمۇرىي ئورگاننىڭ بىر تەرەپ قىلغىنىغا قا-
يىل بولمىغانلار مەزكۇر مەمۇرىي ئورگان تۇ-
رۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە
ئەرز بەرسە بولىدۇ. دەۋانى قوبۇل قىلغان
خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي تۆلەمگە ئا-
ئىت دەۋانى قاراپ چىقىشتا قانۇن بويىچە يا-
راشتۇرۇش (مۇرەسسە قىلىش) ئۇسۇلىنى
قوللانسا بولىدۇ.

مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، دەسلەپتە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى سادىر قىلغان مەمۇرىي ئورگان يەنى مەمۇرىي تۆلەم مەجبۇرىيىتى بار ئورگان تۆلەم بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ قايتا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، قايتا قاراپ چىققۇچى مەمۇرىي ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىش توغرىسىدىكى قارارى زىياننى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن قىسمى ئۈچۈن تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. تۆلەم مەجبۇرىيىتى بار مەمۇرىي ئورگان زىياننى تۆلىگەندىن كېيىن «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 14 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قەستەن ياكى زور سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ياكى ھاۋالىنى قوبۇل قىلغۇچى تەشكىلات ياكى شەخسلەرنى مەمۇرىي تۆلەم خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ. مەمۇرىي تۆلەم «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ.

مەمۇرىي تولۇقلىما مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ يۈرگۈزگەن مەمۇرىي ھەرىكىتى قانۇنلۇق، مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكەندە، زىيان يەتكۈزگەن مەمۇرىي ئورگاننىڭ قانۇن ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق زىيان يەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان تولۇقلىما راسخوتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىش، ھەربىي ئىشلار ۋە دۆلەت پىلانىدىكى زور ئىشلار ئۈچۈن يەر ئېچىش، يەر ئاجرىتىش قاتارلىقلار قانۇنغا خىلاپ مەمۇرىي ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، شۇڭا ئۇ مەمۇرىي دائىرىسىگە مەنسۇپ ئەمەس، پەقەت مەمۇرىي جەھەتتە بېرىلىدىغان تولۇقلىما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرىكەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، دوختۇرخانا، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، شۇنىڭدەك كۆۋرۈك، يول قاتارلىق دۆلەتنىڭ جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇشتا، باشقۇرۇشتا يېتەرسىزلىك قىلىش تۈپەيلىدىن تۆلەم مەسىلىسى كېلىپ چىقسا، ئۇمۇ ھوقۇقنى قانۇنغا خىلاپ يۈرگۈزۈش مەسىلىسىگە ياتمايدۇ، شۇڭا ئۇمۇ مەمۇرىي تۆلەم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇ خىل تۈرلەردىكى ھەرىكەتتە زىيانغا ئۇچرىغۇچى پەقەت ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، باشقۇرۇشقا مەسئۇل كارخانا، كەسپىي ئورۇندىن ھەق تەلەپ تۆلىمى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي تۆلەم بىلەن مەمۇرىي تولۇقلىما ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۈرلۈك قانۇنىي جاۋابكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەمۇرىي قۇتقۇزۇش (مەمۇرىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش) مەمۇرىي تۆلەم بىلەن مەمۇرىي تولۇقلىمىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىلتىماس قىلىنغان بىر دېلودا، مەمۇرىي تۆلەم بىلەن مەمۇرىي تولۇقلىما بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇتلۇقى ئىسپاتتىن ئۆتسە ئۇنى «مەمۇرىي قۇتقۇزۇش» دېگەن قانۇنىي ئاتالما بىلەن ئاتاش كېرەك.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار دۆلەت قانۇنىنى ئەينى بويىچە ئىجرا قىلىش، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش، خاتا دېلو بېجىرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جەزمەن قانۇندا بېكىتىلگەن ئاتالغۇلارنى شۇ بويىچە ئاتاش، ھەر قايسىسىنى ئۆز ئورنىدا قوللىنىش، بىرىنى - بىرىنىڭ ئورنىدا قوللانماسلىق لازىم.

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)

# شىنجاڭدىكى نەشە چېكىملىك جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

▲ غالىپ ئىسمايىل ▲

**1. نەشە چېكىملىك جىنايەت مەسىلىسى مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن شىنجاڭدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نەشە پەيدا بولغان جاي — ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ دۆلەت بىلەن قەدىمدىن تارتىپ سودا پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار بولۇپ كەلگەن. 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مۇخۇركىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، نەشىمۇ كىرىشكە باشلىغان ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كېڭەيگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نەشە چېكىش تاماكا چەككەندەك ئاددىي ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا بەزى جايلاردا، ئايرىم كىشىلەردە نەشىنىڭ خۇمار قىلىش كۈچىدىن ھالقىغان ھالەتتىكى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. نەشە سودىگەرلىرى ۋە چېكىدىغانلار نەشىنىڭ «پايدىلىق تەرەپلىرى» نى تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە نەشە چەكسە ئىشتەينى ئاچىدۇ، تاماقنى ياخشىلايدۇ، غەم-ئەندىشىنى تۈگىتىدۇ، كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، ئەرلىكنى كۈچەيتىدۇ، دېيىدىغان قاراشلار پەيدا بولۇپ، نەشىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىغا سەۋەب بولغان (بۇ ھالەت يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشقان. ھازىرمۇ نەشە چېكىدىغانلاردا يۇقىرىقىدەك قاراشلار بار). ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەر نەشە چېكىشنى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلىمىگەن ياكى كارى بولمىغان. يەرلىكتىكى بەگ، ئەمەلدارلارمۇ نەشە چەككەنلىكتىن، ھەر قايسى جايلاردا نەشە چەكلەشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان. پەقەت 1945 - يىلىغا كەلگەندە، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ «سىياسىي ھاۋانى ياخشىلاپ، ئۈچ زىياندىشنى يىلتىزىدىن يوقىتىش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەپيۇن چەكلەش كومىتېتى قۇرۇپ، ئەپيۇن ۋە نەشىنى چەكلىگەن ھەمدە يىغىۋالغان ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق زەھەرلەرنى كۆيدۈرگەن. ھازىر قولىمىزدىكى بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ قېتىمقى زەھەر چەكلەش ھەرىكىتى جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى نەشىنى مەنئى قىلىش پائالىيىتى بولسا كېرەك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر قاتار سىياسەت، قانۇنلارنى چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىد-

ـدە زەھەرگە قارشى دولقۇن قوزغاپ، زور
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن
ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرلەر دۆلىتىمىز زېمىنىدا
تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلدى. لېكىن، شىنـ
جاڭدا بولسا يۇقىرىقىدەك تارىخىي ۋە ئىجتىـ
مائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نەشە ياساش،
چېكىش ئەھۋالى ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇۋەردى. بۇ مەزگىللەردە ھەر قايسى جايـ
لار، يەرلىكنىڭ ئۆزىدە نەشە چېكىشكە قارـ
شى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. 1985 ـ يىلىغا
كەلگەندە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى كەندىر تېرىشنى مەنئى قىـ
لىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، نەشىـ
نىڭ خام ماتېرىيالىنى تېرىشنى چەكلىدى. بۇ
دۆلىتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق كەنـ
دىر تېرىشنى مەنئى قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىـ
نىڭ نەشىنى مەنئى قىلىش نىزامى» نى ئېلان
قىلىپ، نەشە چېكىشنى ئومۇميۈزلۈك چەكـ
لىدى. بۇ نىزام دۆلىتىمىز تارىخىدىكى تۇنـ
جى نەشە چەكلەش توغرىسىدىكى بىر قەدەر
سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل بولغان يەرلىك قاـ
نۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىباـ
رەن، شىنجاڭدا نەشە يوقىتىش پائالىيىتى قاـ
نۇن ـ تۈزۈملىشىش يولىغا قاراپ يۈزلەندى.

خەلقئارادىكى زەھەرلەرگە قارشى خىزـ
مەت قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىـ
چە، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ياكى ساقچى دائىـ
رىلىرى بىلىدىغان، زەھەر چېكىدىغان ھەر
بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدا، چېكىدىغانلاردىن يەنە
ئاز دېگەندە بەش ئادەم بولىدىكەن. دۆلىتىـ
مىزدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە،
دۆلىتىمىزدە تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ياكى جاماـ
ئەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلىدىغان زەـ
ھەر چېكىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدا
چېكىدىغانلاردىن يەنە ئۈچتىن بەشكىچە ئادەم
بار ئىكەن. ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، 1992ـ
يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 1200 نەشە چېكىش
گۇرۇھى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، ئەـ
زالىرى 7200 نەپەرگە يەتكەن. 1994 ـ يىلى
ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ شىنجاڭدىكى 12 شەـ
ھەر، ناھىيىلەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىـ
دە (جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ) نەشە
چېكىدىغانلار تەخمىنەن 220 مىڭ كىشى ئىـ
كەن. بۇ مەلۇماتلار دۆلىتىمىزدىكى زەھەرگە
قارشى ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بىر قىـ
سىم كىشىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىقىنىـ
دەك، بەزى سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىـ
شى نەتىجىسىدە، ھەقىقىي سان بىلەن پەرقـ
لىق بولۇشى تۇرغان گەپ. يەنى، بىرىنچىـ
دىن، ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ سانلىق مەلۇماتى
جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تىزىمىـ
غا ئالغان ماتېرىياللىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرىـ
نىڭ بىر تەرەپ قىلغان ماتېرىياللىرى شۇنىڭـ
دەك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى مۇناـ
سىۋەتلىك تارماقلىرى تەمىنلىگەن ماتېرىيالـ
لىرى ئاساس قىلىنغان بولىدۇ. لېكىن، نەشە
چېكىش قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت بولغانلىقى
ئۈچۈن، يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا
مەلۇم بولغانلىرى بىلەن مەلۇم بولمىغانلىرى
ئوتتۇرىسىدا ھامان پەرق بولىدۇ. ئىككىنچىـ
دىن، دۆلىتىمىز 30 يىللىق «زەھەرسىز دۆـ
لەت» تارىخىغا ئىگە. بۇ بىر ھۆكۈمەت ئۈـ
چۈن شەرەپلىك ئاتاق. شۇڭا، زەھەرلەرگە
مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى يۈرەكلىك
ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت يوق ياكى بۇ ھەقتە
تونۇش يېتەرلىك ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، يەرـ
لىك ھۆكۈمەتتىكى بەزى كىشىلەر ئۆز تەۋەـ
سىدە يۈز بەرگەن ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇـ
ۋاتقان زەھەر مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ خىزـ
مەت نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش
دەپ قاراپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېتىراپ قىـ
لىشتىن قاچىدۇ ياكى راست گەپ قىلمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا زەھەر چېكىدىغانلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، نەشە چېكىدىغانلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەشە دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن شىنجاڭدا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، چېكىدىغانلار ئەڭ كۆپ ھەمدە جىنايەت يۈز بېرىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى. شۇنداق دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىزدە نەشە شىنجاڭنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى مەركەز قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك باشقا زەھەرلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ.

**2. نەشە مەنبە جەھەتتە باشقا زەھەرلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، شىنجاڭدا يەرلىكتىن چىقىدۇ.**

نەشە كەندىردىن ياسىلىدۇ. كەندىر سورتىنىڭ ۋە تەبىئىي شارائىتىنىڭ قانداق بولۇشى ياسىلىپ چىققان نەشىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدىكى كەندىر بۇرۇن ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ خىل كەندىرنىڭ ئاتىلىق تۈپى يەككە، تۈز ۋە ئېگىز بولىدۇ. ئانىلىق تۈپىنىڭ شاخلىرى پاكار بولۇپ، شەكلى دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. يوپۇرماق قولتۇقچىسىدىكى ئانىلىق چېچەك ۋە ئۇچلۇق شاخلىرىنىڭ يوپۇرمىقىدىكى يۇمشاق تۈكچىلەر كۆپ بولىدۇ ھەمدە يېلىم كۆپ ئاجرايدۇ. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ھاۋا كېلىماتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قىش بىلەن يازنىڭ ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھاۋاسى قۇرغاق، تۇپراقنىڭ شورلۇق تەركىبى يۇقىرى، نەملىكى تۆۋەن، ھۆل - يېغىن ئاز. كۈز پەسلىدە شەبنەم ۋە قىراۋ كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ كەندىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كەندىرگە ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭدا ياسىلىۋاتقان نەشە تارقىلىش دائىرىسى جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يەكەن، مەكىت، يېڭىسار، مارالبېشى، قاغىلىق، يوپۇرغا، گۇما، كۇچا، بۈگۈر قاتارلىق ناھىيىلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ جايلاردا ياسالغان نەشىنىڭ تەركىبىدە روھى زەھەرلىگۈچ ماددا مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، باشقا جايلاردا ياسالغان نەشە بىلەن پەرقلىنىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى شىنجاڭدا كەندىر تېرىيدىغانلار 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن، مەخسۇس نەشە ياسايدىغانلار 1000 كىشىدىن ئارتۇق، ئېلىپ - ساتىدىغانلارمۇ 1000 كىشىدىن ئارتۇق بولغان. ھەر يىلى شىنجاڭدا زادى قانچىلىك نەشە ياسىلىدىغانلىقىنى بىلىش قىيىن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا تېرىلغان كەندىر شىنجاڭنىڭ ھاۋا - كېلىماتى، تېمپېراتۇرا پەرقى ۋە باشقا تەبىئىي شارائىتلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تېرىلغان كەندىرگە ئوخشىمايدۇ. ھەتتا، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە، شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەندىرى ۋە ياسالغان نەشىنىڭ سۈپىتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ (يەنە قوناقلىقتا تېرىلغان كەندىر بىلەن كېۋەزلىككە تېرىلغان كەندىردىن ياسالغان نەشىنىڭ سۈپىتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ).

**3. نەشىنى ياساش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئاسان، باھاسى ئەرزان، چېكىشكە قولايلىق، بۇ ئالاھىدىلىك باشقا زەھەرلەرگە ئوخشاشمايدۇ.**

نەشىنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان كەندىر ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېرىلغان، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە تېرىلغان. بۇ خىل كەندىر ھەر يىلى ئەتىيازدا تېرىلىپ، 9 -، 10 - ئايلاردىكى

كۆزلۈك يىغىم بىلەن قوشۇپ يىغىۋېلىنىدۇ. تېرىلغاندىن باشلاپ يىغىۋېلىنغىچە بولغان ئارىلىق ئالتە ئاي ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئۆسۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. نەشىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئاسان بولغانلىقتىن باھاسىمۇ باشقا زەھەرگە قارىغاندا ئەرزان بولىدۇ (ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىشىدىن كېلىپ چىققان خېيىم - خەتەر ۋە خام ماتېرىيال قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). شۇنىڭ ئۈچۈن، نەشىنىڭ خەلقئارادىمۇ «كەمبىغەللەرنىڭ چېكىملىكى» دېگەن نامى بار. ھازىر غەرب دۆلەتلىرىدە ئالتە ئادەمنىڭ خۇمارىنى چىقىرالايدىغان نەشىنىڭ باھاسى 0.6 ئامېرىكا دوللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن. شىنجاڭدا بولسا تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلىشىمىزچە، نەشىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى دەرىجىسىگە قاراپ 0.8 گىرامىنىڭ تۆت يۈەندىن ئون يۈەنگىچە ئىكەن. يەنى، 1 - دەرىجىلىك نەشىنىڭ سەككىز يۈەندىن ئون يۈەنگىچە (بۇ خىل نەشىنىڭ نەملىكى يۇقىرى، يېپىشقاق، روھى زەھەرلىگۈچى ماددىسى يۇقىرى بولىدۇ). 2 - دەرىجىلىك نەشىنىڭ بەش يۈەندىن سەككىز يۈەنگىچە (بۇ خىل نەشىنىڭ نەملىكى ۋە يېپىشقاقلىق دەرىجىسى 1 - دەرىجىلىككە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولۇپ، ئادەتتە دانچە ھالەتتىكى نەشە دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 3 - دەرىجىلىك نەشىنىڭ تۆت يۈەن (بۇ خىل نەشىنىڭ نەملىك دەرىجىسى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئۇۋاق ھالەتتە بولىدۇ) ئەتراپىدا بولغان. دېمەك، باشقا زەھەرلەرگە قارىغاندا نەشىنىڭ باھاسى ئەرزان. نەشىنى چېكىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، موخۇركا، قەغەز ۋە ئوت (سەرەڭگە) بولسىلا چەككىلى بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلدا چېكىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سورۇندىكى بىرگە چېكىشكەن ئادەمنىڭ سانى، نەشە چېكىشتە ئىشلەتكەن قورال - سايمان ۋە نەشىنىڭ مىقدارىغا قاراپ، «قاپاق چېكىش» (15 ئادەمدىن كۆپ)، «كالتەك چېكىش» (4 - 5 ئادەم)، «نەيچە چېكىش» (موخۇركا چېكىش بىلەن ئوخشاش)، «مەيدىنى قاقلاپ چېكىش» (نەم يەرگە كىچىك ئۆرەكچە كولاپ، نەشىنى سېلىپ، ئوتتۇرىسى تۆشۈك ياغاچنى ئاستىغا سانجىپ، مەيدىنى نەم يەرگە قاقلاپ چېكىش) دېگەندەك چېكىش ئۇسۇللىرى بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەر باشقا زەھەرلەردە كۆرۈلمەيدۇ.

**4. نەشىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايى ھەرىكەتلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يوشۇرۇن ۋە مەخپىي بولۇپ، كەسكىنلىشىش، گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلمەكتە.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1991 - يىلى قانۇن چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق نەشىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلىگەندىن باشلاپ، ھەر قايسى جايلار قانۇنغا ئاساسەن نەشە چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە نەشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم دېلولارنى ئارقا - ئارقىدىن پاش قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن نەشە ياسايدىغان، ئېلىپ - ساتىدىغان ۋە چېكىدىغانلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماسلىق، سورۇشتە قىلىشتىن قورقماسلىقتەك ھالەتتە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، چېكىش يوشۇرۇن بولۇش، ياساش، يۆتكەش، ئېلىپ - سېتىش مەخپىي بولۇشتەك ئەھۋال شەكىللەندى. بىز 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىلىرىدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر، مەكىت، يوپۇرغا، پوسكام، خوتەن، لوپ، كۇچا، بۈگۈر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بولدۇق. بۇ جەرياندا نەشە ياسايدىغانلار، چېكىدىغانلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئەگەر ئۇلار بىلەن نەشە توغرۇلۇق پاراڭلاشقا توغرا كەلسە، ئېھتىيات قىلىش، ئەنسىرەش ئالامەتلىرىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن، يېقىن-

قى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئەھۋالدا چوڭ
ئۆزگىرىش بولۇپ، نەشە ياساش، چېكىش
مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى، يۆتكەش،
ئېلىپ - سېتىش ئىشلىرىمۇ كەسپلىشىش،
گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان
بولدى ياكى شۇنىڭغا يۈزلەندى. كەندىر تې-
رىيدىغانلارمۇ كەندىرنى ئادەم كۆرمەيدىغان
چەت - ياقا جايلارغا، سەي - كۆكتاتلارنىڭ
ئارىسىغا تېرىش ياكى چۆرىسىگە قوناق، ئوت-
تۇرىسىغا كەندىر تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنى-
دىغان بولدى. مەسىلەن، توقسۇ ناھىيىسىدىن
نى ×× 1997 - يىلى ئۆزىنىڭ 1.5 مو باغ
يېرىنىڭ چۆرىسىگە قوناق، ئوتتۇرىسىغا يەت-
تە قۇر، 1083 تۈپ كەندىر تېرىپ ئۆستۈر-
گەن. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى
قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسى غۇلجىدىن نەشە ئالغىلى كەلگەن
ئۈچ ئادەمنى تۇتۇپ (مەخسۇس نەشە ئېلىپ
- سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ)،
7000 گىرام نەشىنى قولغا چۈشۈرگەن ھەمدە
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى يەر ئاستى
نەشە ياساش زاۋۇتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، 20
مىڭ 500 گىرام نەشىنى قولغا چۈشۈرگەن.
بىز ماقالىنى يېزىشتىن بۇرۇن ئەھۋال بىلىد-
غانلار بىلەن نەشە توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكى-
نىمىزدە، ھەممىسى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن
جاۋاب بەردى ياكى بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىش-
نى رەت قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، نەشىنىڭ خۇمار
قىلىش كۈچى، چېكىدىغانلارنىڭ يېشى،
جىنسى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ باشقا زەھەر-
لەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر مەۋ-
جۇت. يەنى، نەشىنىڭ خۇمار قىلىش كۈچى
كۈچلۈك ئەمەس، شۇڭا ئۇنى تاشلاشمۇ ئا-
سان. نەشە چېكىدىغانلار ئىچىدە ئاياللار ناھا-
يىتى ئاز، ئوتتۇرا ياشلىقلار كۆپ، ياشانغان-
لارمۇ بار. ياش - ئۆسمۈرلەر بىر قەدەر ئاز.
نەشە چەككەنلەر ئىچىدە 20، 30 يىللىق تا-
رىخقا ئىگە بوۋايلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
بۇ ئەھۋاللار باشقا زەھەرلەردە كۆرۈلمەيدىغان
بولۇپ، كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ ۋە ئالاقىدار
قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىشنىڭ تەخىر-
سىزلىكى، مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

پايدىلىنىغان ماتېرىياللار:

1. «قەشقەرىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1983 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «زەھەر چەكلەش» شىنجاڭ خەلق نەشرى-
ياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

3. «زەھەر چەكلەش خىزمىتى قوللانمىسى»
شاڭخەي سەن ليەن نەشرىياتى 1993 - يىلى خەن-
زۇچە نەشرى.

4. «جۇڭگودا زەھەر» بېيجىڭ نەشرىياتى
1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

5. «زەھەر چەكلەش بىلىملىرىدىن سوئال -
جاۋابلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى
ئۇيغۇرچە نەشرى.

6. «شىنجاڭ نەشىسىنىڭ زەھەر تەسىرى ۋە
ئىجتىمائىي زىيىنى» ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ماتېرىياللىرى.

7. «شىنجاڭ گېزىتى» 1997 - يىلى 9 -
ئاي.

8. «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» 1997 - يىلى
9 - سان

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
قانۇن فاكۇلتېتىدىن)



# ئىسمايىل ھاجى بولغاچ باش قەد كۆتۈردى قاتاڭلىق، مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىپ ئالغا باسقاچ داۋاملىق.

▲ ئابدۇكېرىم ئۆمەر ▲

## — قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگىلىك كەنت» يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا قاتاڭلىق 5 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىسمايىل ناسىر توغرىسىدا

يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا قاتاڭلىق 5 - كەنتتىكى كىشىلەر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىسمايىل ناسىرنى «بىزنىڭ ياخشى باشلامچىمىز ...» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئىسمايىل ناسىر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىكى بىر بەن ئادەمگە ياخشى باشلامچىلىق قىلىپ، ئاممىنى بېيىش يولىغا يېتەكلەشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ بىرى.

ئىسمايىل ناسىر 1978 - يىلى ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەنتكە مۇئاۋىن باشلىق ۋە خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنجاڭ بولۇپ ئىشلىدى، كېيىن كەنت باشلىقلىقىغا، 1993 - يىلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

قاتاڭلىق كەنتىدە ئۈچ مەھەللە، 117 ئائىلە، 530 نوپۇس، 120 ئەمگەك كۈچى، 1882 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ 1993 - يىلى ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 302 كىلوگىرام، پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 67 كىلوگىرام، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 712 كىلوگىرام، ئومۇمىي چارۋا 1280 تۇياق ئىدى. دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ قەرزى 74 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى. كەنتتە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بولمىغاچقا، دېھقانلار دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلارنى قوشنا كەنتلەردىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتەتتى. مۇشۇنداق بىر كەنتنى قانداق قىلىپ بېيىتىش «كەنتكە باش» بولغان كىشىنىڭ ھەقىقەتەن بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە ئىدى. ئىسمايىل ناسىر ئۈيلىغانسېرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. «ئاشلىق ئاشمىسا، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، پاختا ئاشمىسا، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ياخشىلانمايدۇ. زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ كەنت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كەنت ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن كادىرلار ۋە دېھقانلارنى ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۆلچەملىك سالا ئېتىز مەيدان بەرپا قىلىشقا، بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەزگىللىرىدە دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى ئىگىلەشكە، ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەمدە تېرىلغۇ يەرلەرگە ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلارنى تېخنىكا تەلىپى بويىچە تېرىشقا يېتەكلىدى. ئىسمايىل ناسىرنىڭ توغرا يېتەكلىشى ئارقىسىدا، كەنتتىكى دېھقانلار يەرلەرنى 52 سالا ئېتىزغا ئايلاندۇردى. كەنتنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىنى قايتىدىن ياسىدى: ئون ئورۇنغا بېتون قۇرۇلمىلىق توما - تاقاق ۋە كۆۋرۈك ياسىدى، كەنتتىن يېزا - بازارغىچە بارىدىغان ئۈچ كىلومېتىر يولنى شېغىللاشتۇردى، ئىسمايىل ناسىر كەنت يىغىنىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، كەنت ئىلكىدىكى 150 مو يەر بىلەن ئىككى ئورۇندىكى بېلىق كۆلىنىڭ يىللىقىنى باشقىلارغا 22 مىڭ يۈەندىن ھۆددىگە بېرىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋە ئىشخانىلارنىڭ راسخوت مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. كەنتنىڭ قوشۇمچە كىرىمىدىن 250 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، كەنت ئىشخانا قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاپ، كەنتنىڭ ئىشخانا يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 11 نامرات ئائىلىنى 18 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا ھۆددىگە بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرنى بېيىش يولىغا يېتەكلىدى. ئۇ كەنتنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

(داۋامى 22 - بەتتە)

# ۋىۋىسكىلار نالە قىلماقتا

▲ قاھار ئۇسمان ▲

1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق نىزامى» نىڭ 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ ماددىلىرىدا تورلۇك ۋىۋىسكا، تامغا، كىنىشكا، لەۋھە، شوئار، لوزۇنكا قاتارلىقلاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملىك ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇچە يېزىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەكلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئەمەلىيەتتە، ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يەرلىك مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش پارتىيىمىز جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن باشلاپ يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان مىللىي سىياسەتلەرنىڭ بىرى. بۇ نۇقتا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىمۇ تەكىتلەنگەن. جۇملىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇ سىياسەت ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ مەسىلىلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەنبەئى نەدە؟

مەسىلىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەئى دەل ئاشۇ ۋىۋىسكا ياسايدىغان ۋىۋىسكا دۇكانلىرىدا.




بۇ ھەقتە خېلى ۋاقىتتىن بېرى تالاي ماقالىلەر يېزىلدى، كۆپ قاخشاپ باقتۇق، لېكىن رېئال ئەھۋالدا كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەكسىچە ئەھۋال تېخىمۇ ناچارلىشىپ، بىچارە ۋىۋىسكىلارنىڭ نالىسى پەلەككە يەتمەكتە.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ نالىسىغا قولاق سېلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش كېرەكمۇ ياكى قولاقنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ ئاقىلانە جاۋابى شۇكى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمى كۈنسېرى تېزلىتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋىۋىسكا باشقۇرۇشنىمۇ قانۇن يولىغا سېلىش كېرەك.

بىز ۋىۋىسكا دۇكانلىرىنىڭ ۋىۋىسكىسىغا قا-
رايدىغانلا بولساق، مەسىلە مانا مەن دەپ ئاش-
كارا بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-
نىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدى-
كى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋىۋىسكا دۇكانلى-
رىنىڭ ۋىۋىسكىسىدا ئۇيغۇرچە يېزىق يوق،
بار دېگەنلىرىدىمۇ كۆپىنچىسىنىڭ تەرجىمى-
سى ياكى يېزىلىشى ئۆلچەمسىز ھەتتا خاتا.
ۋىۋىسكا دۇكانلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ تۇر-
سا، ئۇلارنىڭ قولىدىن چىققان ۋىۋىسكىلار
قانداق بولماقچىدى؟

ۋىۋىسكا دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ۋە
خىزمەتچىلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يې-
زىقىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرى
ئىشلىگەن ۋىۋىسكىلارغا ئاز سانلىق مىللەت
يېزىقىنى ئىشلىتىشكە سەل قاراۋاتىدۇ. يەنە
بەزىلىرى ۋىۋىسكا بۇيرۇتقۇچىنىڭ تەلپى
بويىچە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.




ۋىۋىسكىلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلىرىدا
ئاددىيلاشتۇرۇلمىغان خەنزۇچە خەت ئىشلى-
تىلىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەسى-
لىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاز سانلىق مىل-
لەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش ۋە يې-
زىش جەھەتتە كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، بۇنداق خاتالىقلارنىڭ كۆپلۈكى،
ئېغىرلىقى، تەرجىمىسىنىڭمۇ، يېزىلىشى-
نىڭمۇ ئۆلچەمسىزلىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى
تولىمۇ غەش قىلىدۇ، كىشىنى چوڭقۇر ئويى-
لاندۇرىدۇ. مەسىلە شۇ قەدەر ئېغىرلىشىپ
كەتتىكى، ھازىر ئۈرۈمچىدە تەرجىمىسى،
ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىلىشى، چوڭ -
كىچىكلىكى قاتارلىق ھەممە جەھەتتە توغرا،
ئۆلچەملىك چىققان، كىشىنى سۆيۈندۈرگۈ-
دەك ۋىۋىسكىلارنى بارماق بىلەن ساناپ بەر-
گىلى بولىدۇ.

ۋىۋىسكا دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى
ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىز-
مىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى
بويىچە، ۋىۋىسكىلارنىڭ خەنزۇچە تېكىستى-
نى مۇشۇ ئورۇنغا ئاپىرىپ تەرجىمە قىلدۇ-
رۇپ تامغا باستۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاز
سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسىنى مۇشۇ ئورۇنى-
نىڭ تەرجىمە قىلىپ كومپيۇتېردا چىقىرىپ
بەرگەن نۇسخىسى بويىچە مەلۇم نىسبەتتە
چوڭايتىپ ئىشلىتىشى ياكى بولمىسا خەتتات
تەكلىپ قىلىپ يازدۇرۇشى كېرەك. بۇ ئۇ-
سۇلنى قوللانغاندا، ۋىۋىسكىلاردىكى مىللىي
يېزىقنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى سۈپىتىگە
ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولى-
دۇ. لېكىن، نۆۋەتتە بۇنداق قىلىدىغانلار ناھا-
يىتى ئاز. بۇ خوجايىنلار پارتىيىمىزنىڭ مىل-
لىي سىياسىتىنى ئوبدان بىلمىگەچكە، ئۆزى
بىلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ئالۋاڭنى گالۋاڭ قى-

لىۋاتىدۇ. ئۇلار «ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىـ
نى ئىشلەتمىسەم جەرىمانە تۆلەيمەن، ئۇنىڭدىن
كۆرە ئىشلەتتىڭمۇ ئىشلەتتىم دەپ مۇشۇنـ
چىلىكلا قىلىپ قويسام بولمىدىمۇ» دەپ
ئويلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزـ
مىتى كومىتېتىغا بېرىپ رەسمىيەت بېجىـ
رىشنى ئاۋارىچىلىق ھېسابلاپ ۋە ياكى ئۇلارـ
غا بېرىدىغان ئازغىنە تەرجىمە قىلىش، يېزىش
ھەققىدىن قېچىپ، ۋىۋىسكىلارنىڭ تېكىستىـ
نى خەنزۇچىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار
تونۇش - بىلىشلىرىگە ھەتتا يولدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان مىللىي يولداشلارغا تەرجىمە قىلـ
دۇرۇپ ياكى يازدۇرۇپ، ئۇنىڭ توغرا - خاتا
بولۇشى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، شۇ پېتى
ۋىۋىسكا ئىشلەپ قولدىن چىقىرىۋاتىدۇ. تېـ
خى بەزىلىرى ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشـ
قىلار تەرجىمە قىلىپ بەرگەن نۇسخا (قەلەمـ
خەت نۇسخىسى) نى ئالدىغا قويۇۋېلىپ،
شۇنى دوراپ چوڭايتىپ يېزىپ ۋىۋىسكا ياساـ
ۋاتىدۇ. بۇنداق ۋىۋىسكىلارنى ئۈرۈمچى كوـ
چىلىرىدا قەدەمدە بىر ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ
خىل ۋىۋىسكىلارنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولىـ
دىغانلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن بولمىسا كېـ
رەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزمىتى
كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىـ
چە بولغاندا، ۋىۋىسكا، لوزۇنكا، لەۋھە،
شۇئار قاتارلىقلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت يېـ
زىقى خەنزۇچە خەت بىلەن ئوخشاش چوڭـ
لۇقتا ياكى خەنزۇچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىـ
چىلىك چوڭلۇقتا، خەنزۇچە خەتنىڭ ئۈستى
تەرىپىگە ياكى بىر تۈز سىزىق بويلاپ ئۆلـ
چەملىك، توغرا، چىرايلىق يېزىلىشى كېـ
رەك. ئەپسۇسكى، يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە
چۈشىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز، ئەكسىچە بولـ
غانلىرى تولىمۇ كۆپ. بۇ ۋىۋىسكىلاردا ئاز
سانلىق مىللەت يېزىقى ۋىۋىسكىلارنىڭ
«زىغىرىق» ى قىلىپ قويۇلغان. ئىككى خىل
يېزىقنىڭ چوڭ - كىچىكلىك نىسبىتى تولىمۇ
چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، دىققەت قىلىپ قارىـ
مىسا ئۇقۇغىلى بولمايدۇ.

ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللاردىن
قارىغاندا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم ناـ
ھىيىلىرى، كورلا، غۇلجا، قاراماي، ئاقسۇ
شەھەرلىرى، توقسۇن ناھىيىسىدىمۇ بۇ جەـ
ھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈرۈمچىنىڭكىدىن قېـ
لىشمايدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى رايونلىـ
رىدا مەسىلە تېخىمۇ ئېغىر.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، سىـ
ياسىي كېڭەشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ
ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزـ
مىتى، مىللەتلەر خىزمىتى، سودا - سانائەت
مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارغا زىچ
ماسلىشىپ، جەمئىيەتتىكى يېزىق قالايمىقانـ
چىلىقى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېـ
رىپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن تۈزەشنى بىرلەشـ
تۈرۈپ، ئۈنۈملۈك، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، ۋىۋىسكا ياساش دۇكانلىرىنى قاـ
نۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىپ ۋە قېلىپلاشتۇـ
رۇپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ بولۇپمۇ ئاز
سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ توغرا،
ئۆلچەملىك قوللىنىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتـ
لىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

نۇرگۈل كېرەم فوتوسى

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن نازارەتچىلىكى بىلەن خىزمەت نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش بىلەن خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە ئىشلەشكە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى باھالاش بىلەن نۆۋەتتە ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ يىل بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن مەخسۇس ئىنكى گۇرۇپپا تەشكىللەپ، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر تەكشۈردى.

باھالاش جەريانىدا نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى دەرھال ھەل قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، قانۇننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى بەلگىلىك مۇددەتتە تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى. يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ① يەر باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى بولۇپمۇ يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئېڭىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش. ② نۆۋەتتە ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى مەسىلىسى بىلەن يەرلەردىن ھەقلىق پايدىلىنىش ھوقۇقى مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە توغرا بىر تەرەپ قىلىش. ③ يېغىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك راسخوتلارنى بەلگىلىمە بويىچە تولۇق يېغىشقا كاپالەتلىك قىلىش. ④ بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيلۈك يەر ئېلىپ ئۆي سالماسلىق، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى سېتىپ يەنە قانۇنسىز يەر ئىگىلەپ ئۆي سېلىش مەسىلىلىرىنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىش. ⑤ ئىزىملاتماي خالىغانچە بوز يەر ئېچىش شامىلىنى توسۇش. ⑥ تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش رايونلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش. ⑦ كەنت كوللېكتىپىغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك يەر پۇللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش؛ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ① بازارلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ خالىغان يەردە، قاتناش يولى بويلىرىدا يايما ئېچىپ قاتناش تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. ② سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش سېپىدە ئىشلەۋاتقان بەزى كادىرلارنىڭ ئۆز ئورۇق - تۇغقانلىرى ئىچىدىكى تىجارەتچىلەرگە تىجارەت ئورنى ۋە ئاپىشورۇشقا تېگىشلىك راسخوت جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشتەك مەسىلىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش. ③ راسخوت يېغىشتا ئايرىم تۈرلەردە يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلماسلىق مەسىلىلىرىنى تۈزىتىش. ④ يالغان، ساختا ماللارنى تەكشۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش. ⑤ بارلىق كىرىمنى خام چوت ئىچىگە كىرگۈزۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش.

باھالاشتىن كېيىن بۇ ئىككى ئىدارە مەسئۇللىرى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

(چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەتقۇربان ھوشۇر).

* * *

## خوتەن شەھىرىدە پىكىر، تەكلىپلەر ياخشى بېجىرىلدى

خوتەن شەھەرلىك خ.ق دائىمىي كومىتېتى 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى مەزگىلىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۇنغان تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ ۋە ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى، خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - نۆۋەتلىك 1 - يىغىنىدا ۋەكىللەر شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇ ئىشلىرى، ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدا 74 پارچە تەكلىپ، پىكىرلەرنى بەرگەنىدى. شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ پىكىر، تەكلىپلەرنى ئەترابلىق مۇزاكىرە قىلىپ، بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈ-

رۇپ، مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىپ، جىددىي پوزىتسىيە بىلەن ھەل قىلدى. 5 - ئۆۋەتلىك خ ق 2 - يىغىنىدا ۋەكىللەر بۇنىڭدىن تولۇق رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشتى.

(خوتەن شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئىمىن ئىبراھىم)

* * *

## پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى

پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش، ئىشلىتىش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 18 - ۋە 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاگرانوم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىدىن 80 دىن ئارتۇق خەلق ۋەكىلىگە تەكتە بايقالغان قاسىراقلىق قۇرتنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ زىيىنى ۋە ئۇنى يوقىتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي دەرس سۆزلەتكۈزدى ھەمدە ماتېرىيالىنى ئىككى خىل يېزىقتا تارقىتىپ بەردى.

مۇتەخەسسىسلەر تۆيۈق يېزىسىنىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتىنىڭ تۆۋەن بولۇش، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ناچار بولۇش ئەمەلىيىتىگە قارىتا، تۆۋەن ھوسۇللۇق قېرى تەكلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش تەدبىرى، مەشغۇلات جەريانىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوقتىملىق سۆزلەپ بەردى.

ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بارغىنى بەك ياخشى بولدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى دەپ ئىنكاس قىلىشتى ۋە مۇشۇ خىلدىكى پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ئويۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى.

(پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى)

## ۋەكىللەرنىڭ مېھرى - شەپقىتى ئىككى بىمارنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلدى

كېرىيە ناھىيىسىدىكى كۆكيار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىككى بىمارنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلدى.

كۆكيار يېزىسىنىڭ باش ئەگلە كەنتىدىكى دېھقان بارات ئاخۇن بىلەن تۆۋەن ئەگلە كەنتىدىكى دېھقان مەتروزى ئاخۇن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئائىلىسىدىكى پۇلغا يارايدىغان مۈلۈكلىرىنى سېتىپ داۋالانغان بولسىمۇ تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىگەن. نامراتلىق تۈپەيلىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا يېتىپ داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۆكيار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى دەرھال 20 نەچچە ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 1000 يۈەن ئىئانە توپلاپ، بۇ ئىككى بىمارنى يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئىككى دېھقاننىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ كېسەل ئازابىدىن ئۈزۈل - كېسىل خالاس بولدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن تۇردى ئەخمەت)

* * *

## «ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى

«نىزام» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئىدارىسى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، بۆلۈم (كوللېگىيە، ئىشخانا) مەسئۇللىرى، دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە قىسمەن يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىرى قاتناشتى. يىغىندا «نىزام» ئۆگىنىش قىلىنىندى ھەمدە ھەر قايسى ئورۇنلار

ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. دائىمىي كومىتېتنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان مەسئۇلىيەت. بۇ «نىزام» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە 15 - قورۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرى بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيەلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە بولغان تونۇش ئۆستۈرۈلدى.

(ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىدىن مەمەتجان مەمتىمىن)

※ ※ ※

## تېكەس ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى «ئۈچ تۈرلۈك پائالىيەت» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

تېكەس ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەھكىمە بويىچە بازارلىق كادىر - ساقچىلارنى قاتناشتۇرۇپ، بۇ يىل مەھكىمە دائىرىسىدە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، خەلق رازى سوتچى بولۇش، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە سەپەرۋەر قىلىش چوڭ يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك يارىتىش ئىشخانىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتناشتى. ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش دوجيەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش دىڭ خوا مەھكىمە پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە مەمۇرىيىتىگە ۋاكالىتەن بۇ مەھكىمىنىڭ 1999 - يىلدا «ئۈچ تۈرلۈك پائالىيەت» نى قانات يايدۇرۇشتىكى كونكرېت فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

(تېكەس ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىدىن تۇرسۇن ئەمەت)

## قاھار داموللاھاجىم پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈپ، جامائەتچىلىككە باشلامچى بولدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاقئۆستەڭ يېزىسى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىكنى ئۆزگەرتىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، كۇچا ناھىيە ئاقئۆستەڭ يېزىلىق چوڭ خانىقا مەسچىتىنىڭ خەتىپى قاھار داموللاھاجىم يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىنى بېغىچە، ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىنى بارغانسېرى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشتەك ناچار ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشلامچى بولدى.

ئۇ بۇ قېتىم ئالدى بىلەن قۇدا تەرەپكە دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ۋە ئەمەلىي ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ، پىكىرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، يېڭى كېلىن بولغۇچىغا ئالىدىغان ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەكلەرنى ئازايتىپ، ئاددىي - ساددا ئىش ئېلىپ باردى. توي جەريانىدا جامائەتنى يىغمىدىغان، قىز تەرەپكە بىر قانچە تۇياق چارۋا مال، بىر نەچچە يۈز كىلو گۈرۈچ، نان - توقاچ ئاپىرىپ، بىر قانچە مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، چوڭ داستىخان سالىدىغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىدى. تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ سوۋغاتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى توي پەقەت بىر نەچچە يۈز يۈەن خەجلەش بىلەنلا ناھايىتى ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى.

قاھار داموللاھاجىمنىڭ ناچار ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى باشلامچىلىق رولى كىشىلەرنىڭ بىردەك ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

(كۇچا ناھىيە ئاقئۆستەڭ يېزىلىق
خەلق ھۆكۈمىتىدىن زايىت مەخسۇت)

## توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى ۋەكىللەرنى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھۆددە مۇددىتىنى 30 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى

كېرىيە ناھىيىسىدىكى توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھۆددە مۇددىتىنى 30 يىل ئۇزارتىش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن، مۇشۇ يېزىغا قاراشلىق تۆت كەنتتىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆچلۈك پىكىر - ئىنكاسىغا ئاساسەن، دەرھال 16 نەپەر ۋەكىل، يەتتە نەپەر مۇناسىۋەتلىك كادىرلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇپ قېلىنغان 170 مو يەر، ئارتۇق ئېگىلىۋالغان 332 مو يەرنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭدىن 222 مو يەر بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ كەم يېرى ئۈچۈن تەڭشەپ، تولۇقلاپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش مۇددىتىنى 30 يىل ئۇزارتىش خىزمىتىدە ساقلانغان ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ياسىن ھاشىم)

* * *

## شەنبەبازار بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى قىسمەن ۋەكىللەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى

كېرىيە ناھىيە شەنبەبازار بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 29 نەپەر ۋەكىلىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار 39 نامرات ئائىلىگە 730 يۈەن نەق پۇل، 23 قۇر كىيىم - كېچەك، 60 كىلوگىرام گۆش، 155 بولاق قەنت، 39 تاختا قارا چاي ئىئانە قىلىپ ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى.

بازار تەۋەسىدىكى ئىدارە، جەمئىيەت ۋەكىللىرىمۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ساناتورىيىدىكى باققۇچىسى يوق قېرى - چۆرىلەرگە 120 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ياسىن ھاشىم)

## لوپ ناھىيىسىدە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە

لوپ ناھىيىلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە ناھىيىدىكى ئون يېزا - بازار ۋە ناھىيە ئىچىدىكى يەككە تىجارەتچىلەرگە قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىم يەككە تىجارەتچىلەرگە «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»، «ئېلان قانۇنى» ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان «ئاممىۋى زۆرۈر ئوقۇشلۇق» دېگەن كىتابتىكى مۇھىم مەزمۇنلار ئاساس قىلىنىپ، ھەر بىر يېزا - بازاردا بىرىم كۈن قانۇن لېكسىيىسى سۆزلەندى.

لېكسىيىنى ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ئادۋوكاتلىق ئورنى ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قانۇن - تۈزۈم بۆلۈمىدىكى قانۇن كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى كادىرلار پۇختا تەييارلىق قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ جانلىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى قانۇن لېكسىيىسى سۆزلەش پائالىيىتى ئارقىلىق يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇن ئاڭ سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش جەھەتتە بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەربىيىگە ئىگە قىلىندى ھەمدە مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى.

(لوپ ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن ئۆتكۈر ئوسمان)

## توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى قانۇن ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەت - چىلىكنى كۈچەيتتى

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ توغرىغاز يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلەتىش ئۈچۈن قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئالاقىدار بەش قانۇن، ئۈچ نىزام، بىر چارە ئۈستىدە 16 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يېزا ئوتتۇرا مەكتىپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قىيىن بولۇش، تۇراقلاشتۇرۇش قىيىن بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن چۈشۈپ قېلىشى كۆپ بولۇش، چېكىنىپ كېتىشى كۆپ بولۇش، تۇراقسىزلىقى كۆپ بولۇش، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى تۆۋەن بولۇشتىن ئىبارەت «ئىككى قىيىن، ئۈچ كۆپ، بىر ئاز بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرىكى %53 تىن %95 گە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىقىنى %64 تىن %85 كە ئۆستۈردى، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشىنى %92 تىن %98 كە كۆتۈردى، قانۇنسىز (نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىسىز) نىكاھلانغان 323 جۈپ ئەر - ئايالغا توي رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى ئەسلىدىكى %25 تىن %18 كە چۈشۈرۈلدى، دېھقان - چارۋىچىلار ئۈستىدىكى سېلىق ئەسلىدىكى %6.4 تىن %5 كە تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، ئارتۇق بېكىتىلگەن %1.6 سېلىق بىكار قىلىندى ۋە ئارتۇق يىغىۋالغان 4456 يۈەن دېھقان - چارۋىچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى، ئىككى كەنتتە كادىرلار ئارتۇق ئىگىلىۋالغان 329 مو يەر قايتۇرۇۋېلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 18 نەپەر ئاساسىي قاتلام كادىرى يالغان ھۆججەت ياساپ خىيانەت قىلغان 3200 يۈەن پۇل تۆلىتىۋېلىندى. ئىككى كەنتتىكى دېھقان - چارۋىچىلاردىن بىرلەشمە داۋالاشقا يىغىپ، كەنتنىڭ ئىشىنىما قورۇلۇشىغا ئىشلىتىۋالغان 14 مىڭ 397 يۈەن راسخوت دېھقان - چارۋىچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىلارغا خاتا قويۇلغان 1776 يۈەن جەرىمانە پۇل ئۆزىگە قايتۇرۇلدى. دېھقان - چارۋىچىلار ئۈستىدىكى ئون تۈرلۈك نامۇۋاپىق سېلىق بىكار قىلىنىپ، بۇنىڭغا قارىتا يىغقان 765 مىڭ 57 يۈەن پۇل دېھقان - چارۋىچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدىكى 30 تۈرلۈك سېلىق ئېلىپ تاشلاندى. 6800 يۈەن قىممىتىدىكى 23 خىل ساختا، ناچار، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن دورا يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى ۋە يېزا تەۋەسىدىكى مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئۆز پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىدىن مەتتۇرسۇن ئېزىز)

* * *

## كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى بىلەن نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى

ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەر قايسى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى رەئىسلىرى، ھەر قايسى ئىش باشقارمىلىرى ئالاقە پونكىتلىرى ۋە خەلق ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مەسئۇلىيەت ئىمزالاش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا ئاۋۋال ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ سۆزى يەتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا ھەر قايسى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ رەئىسلىرى ۋە ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش پونكىتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن 1999 - يىللىق نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى.

(كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
ئىشخانىسىدىن تۇنىساگۇل)



بۇ يىل ئەتىيازدا توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن 80 نەچچە خ ق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

سۈرەتتە: ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەكىللەرگە يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.

لەن چىشاڭ فوتوسى



سۈرەتتە: ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەكىللەرگە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.



سۈرەتتە: ۋەكىللەر بازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

# ئوسكار مۇكاپاتىنىڭ كېلىپ چىقىشى

1927 - يىلى 5 - ئايدا ئامېرىكا كىنو سەنئىتى ۋە پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە بىر ئادەم كىنو سەنئىتى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا تۆھپە ياراتقانلارنى مۇكاپاتلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1929 - يىلى 1 - ئايدا ئامېرىكا كىنو سەنئىتى ۋە پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتى 1927 - يىلنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىلىدىن 1928 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغىچە بولغان كىنو ئىجادىيەتلىرىنى باھالىغان، 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ھوللىۋودنىڭ لوسۇ مېھمانخانىسىدا بىرىنچى قېتىم مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئېلىپ بارغان ھەم 15 ئالتۇن ھەيكەلدىن 15 نى تارقاتقان. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ مۇكاپاتنىڭ ئىسمى كىنو سەنئىتى ۋە پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ يىللىق مۇكاپاتى بولۇپ، قىسقارتىلىپ «ئىنستىتۇت مۇكاپاتى» دەپ ئاتالغان. 1931 - يىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىنستىتۇت كۇتۇپخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى مارگېرت ھېلى ئىشخانىدىكى ئالتۇن ھەيكەلنىڭ تاغىسى ئوسكارغا بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىغان، بىر مۇخبىر ئۇنىڭ سۆزىنى خەۋەر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئوسكار دېگەن بۇ نام كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. ئوسكار مۇكاپاتى 1 - نۆۋەتلىكتىن باشلاپ ھازىرغىچە يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

(«جۇڭگو تەرمىلەر» گېزىتىدىن)

زۇلپىيە ياقۇپ تەرجىمىسى

# مۇتەخەسسىسلەر دۆلەت زەھەرلىنىشنى كونترول قىلىش مەركىزى قۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا زەھەرلىنىش دېلولىرى پات - پات يۈز بېرىپ تۇردى. زەھەرلىنىش يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ كېسەلگە قاراپ دورا بېرىشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بىر پۈتۈن مۇكەممەل بولغان زەھەرلىنىشنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش سىستېمىسى تېخى يوق.

دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى دېھقانچىلىق دورىسىدىن زەھەرلىنىدىغانلار 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يېتىدۇ، چاشقان دورىسى، ساختا ھاراقتىن زەھەرلەنگۈچىلەرمۇ پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. زەھەرلىنىش كۆپ ھاللاردا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز بەرگەچكە، ئۇلارنى داۋالاشتا ئادەتتىكى داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانى بولمايۋاتىدۇ. ئىگىلىنىشچە، چەت ئەللەردىكى بەزى دۆلەتلەردە دۆلەت دەرىجىلىك زەھەرلىنىشنى كونترول قىلىش مەركىزى (PCC) 50 - ، 60 - يىللاردىلا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ زەھەرلىك ماددىلارنى تەكشۈرۈش، كېسەللەرنى كۆزىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىكەن ھەمدە مول ئۇچۇر ئامبىرىغا ئىگە ئىكەن. دۆلىتىمىزدە زەھەرلىنىشنى كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ بىر قىسىم فۇنكسىيىسىگە ئىگە تارماقلاردىن ئارمىيە زەھەرلەنگەنلەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش مەركىزى، جۇڭگو تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى زەھەرلىنىش مەسىلىھەت مەركىزى قاتارلىق تەسىر دائىرىسى چەكلىك ئاز ساندىكى ئورۇنلار بار. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر تۈرلۈك زەھەرلىنىش ھادىسىلىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدىغان مەسلىھەت مەركىزى، تور مەركىزى، تەشكىللەش مەركىزى ۋە تەتقىقات مەركىزىنى تېزرەك قۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە زەھەرلىنىشنى كونترول قىلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلدى.

(«مۇلازىمەت يېتەكچىسى» گېزىتىدىن)

نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى

# ۋەكىل، ھوقۇقىڭىزنى قەدىرلەڭ

▲ چېن خۇامىڭ ▲

ئۆتكەندە خېنەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دېھقانلارنىڭ دۆلەت يولى ھەق يىغىش پونكىتىغا بۇسۇپ كىرگەنلىك ۋەقەسىنى خەۋەر قىلدى. ۋەقەنى ھەق يىغىش پونكىتىغا يېقىن مەمۇرىي كەنت ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى پەيدا قىلغان ۋە تەشكىللىگەن. ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندا: «مەن دېگەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئۆلكە باشلىقىمۇ ماڭا يول قويىدۇ. ئۇرۇڭلار، ئۆلسە مەن ئىگە!» دەپ جار سالغان.

ئوخشاشلا ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سەندۇڭ كانچىلىق شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى جەن شۇرۇڭ سەپەردە كېتىۋېتىپ بىر قانچە قانۇنسىز ئۇنسۇرنىڭ قىمار ئويناپ كىشىلەرنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارنى توسىدۇ. قارا نىيەتلەر پىچاق كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ كەلگەندە، ئۇ ۋەكىللىك كېنىشكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «كۆزۈڭنى ئېچىپ ئوبدان قاراپ بېقىش، مەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قېنى قايسىڭ كېلىسەن! » دەپ توۋلاپ قارا نىيەتلەرنى چۆچۈتىدۇ. جەن شۇرۇڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىدۇ، نەتىجىدە قارا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن تورىغا چۈشىدۇ.

مۇشۇنداق روشەن سېلىشتۇرما ئالدىدا، كىشىلەر: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرماي تۇرالمايدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى» دا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا بەرگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. دېمەك، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار ھەم قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملىشىش مەجبۇرىيىتى بار. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىكەنسىز، سايلىغۇچىلارنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىڭىزگە ئالغان بولىسىز، شۇڭا، ئۆزىڭىز قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشىڭىز، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىڭىز، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىڭىز كېرەك. بەزىلەر شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ قانۇننى دەپسەندە قىلغان ياكى دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەكچى بولغاندا، سىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئادالەتنى ياقلاپ، رەزىللىكنى يوقىتىپ، قانۇننىڭ ئىززىتىنى قەتئىي قوغدىشىڭىز، چىرىكلىككە ۋە جىنايەتچىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشىڭىز كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى بارلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى نۇرغۇن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، مەسىلەن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى خالىغانچە چەكلەنمەيدۇ ۋە باشقىلار. بۇ بىزنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى خۇشاللىنارلىق بىر قەدىمىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىنى «تۇمار» قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ نام، مەنپەئىتىنى قوغلاشسا، ھەتتا قانۇن بىلەن ئوينىسا، سايلىغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويغانلىق بولىدۇ - دە، سايلىغۇچىلارنىڭ رايى يېنىپ كېتىدۇ. مەيلى قايسى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولسۇن، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتسە، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى، «سايلىغۇچىلار ياكى سايلىغۇچى ئورۇن ئۆزى سايلىغان ۋەكىلنى قانۇن بويىچە ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق».

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ھالقىلىق باسقۇچقا قەدەم قويدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، سىز ئاممىنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھوقۇقىڭىزنى قەدىرلەڭ ۋە ياخشى ئىشلىتىڭ.

(«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 3-سانىدىن)

ئەمەت توختى تەرجىمىسى

# دۇنيانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدىكى ئايال پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ نىسبىتى

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە قەدەر ئايال پارلامېنت ئەزالىرى پۈتۈن دۇنيادىكى 39 مىڭ 618 نەپەر پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ %12.7 نى ئىگىلىگەن.

شىۋېتسىيىلىك ئايال پارلامېنت ئەزالىرى %42.7 لىك پىرسەنت بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، پۈتۈن شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئايال پارلامېنت ئەزالىرى %38.3 لىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

ھەر قايسى دۆلەتلەر پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسى مۇنداق دېگەن: شىمالىي ياۋروپادىن قالسا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى رايونلار بولۇپ، ئۇلاردىكى نىسبەت %15؛ شىمالىي ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا قىتئەسى ۋە ئاسىيا قىتئەسىدە ئەھۋال ئانچە پەرقلىق ئەمەس بولۇپ، دېگۈدەكلا %13.8 ئىكەن. ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئايال پارلامېنت ئەزالىرى پەقەت %3.4 نىلا ئىگىلەيدۇ. ئون نەچچە ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئايال پارلامېنت ئەزالىرى پەقەتلا يوق، بۇلار كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، كىمورز ۋە جىبۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(قەدىرىيە ھەبىبۇللا تەرجىمىسى)

# برازىلىيىدىكى «پاپىلار دۆلىتى»

برازىلىيىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى يىراق بىر كىچىك كەنتتە، ئۇسمۇرلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن «پاپىلار دۆلىتى» ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەن.

برازىلىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سىرخەيپى شتاتىنىڭ كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولمىغان ئىتابايانىيا دېگەن كەنتىدە 32 مىڭ ئاھالە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 100 دىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ بويى ئېگىزلىكى 140 سانتىمېتىرغا يەتمەيدىكەن. بۇ ئەھۋال برازىلىيە ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە بەلكىم پەتەكلىك گېننى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىل يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىملار ئىتابايانىيا كەنتىدىكى بۇ ئاجايىپ ھادىسىنى بەش يىل تەتقىق قىلغان. ئامېرىكا ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ئىچكى ئاجراتما مۇتەخەسسىسى مىجىر لىۋىن مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتىمىز بېكىنچە ئېرسىي داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باشقا خىلدىكى پەتەك كېسىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.»

بۇ ئاھالىسى كۆپ بولغان «پاپىلار» جەمەتىدە، ھايات ۋە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەردىكى ئوكسىگېنسىزلانغان بىر نوكلېئىن كىسلاتاسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نورغۇن كىشىلەرنىڭ گېنىدە گېنلوگىيىلىك ياتلىشىش ئەھۋالى بارلىقىنى بايقىغان. چۈنكى بۇ مەسىلە نورغۇن ئەۋلاد كىشىلىرىدىمۇ ئىلگىرى كۆرۈلگەنىكەن.

ھازىرغا قەدەر، ئالىملار قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان نىكاھ ئاز ئۇچرايدىغان گېنلوگىيىلىك ياتلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل دەپ قاراپ كەلگەنىدى.

مارىنا ئىتالىنا دىلسۇز تەتقىق قىلىنغانلارنىڭ بىرى. ئۇ بۇ يىل 72 ياشتا، ئېگىزلىكى 168 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى بىر نەۋرە ئاكىسى بولۇپ، ئارىسىدىن سەككىزى ھازىر قورامىغا يېتىپ بولغان، بىراق ئۇلارنىڭ بويى ئېگىزلىكى 150 سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ.

ئالىملارنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، گېنلوگىيىلىك ياتلىشىش ھادىسىسى بەزىدە كۆرۈلۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەيدىكەن. چۈنكى ماريا ئىتالىنا دىلسۇزنىڭ بىر قىزىنىڭ بويى ئېگىزلىكى ئاران 125 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۆزىنىڭ بويى ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ ئەر بىلەن توي قىلغان. بۈگۈنگە قەدەر ئۇلار ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن، ئەمما ھەممىسىنىڭ بويى ئېگىزلىكى نورمال بولغان.

لىۋىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئىتابايانىيا كەنتىدىكى كۆپ قىسىم پاپىلاردا پەتەك كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان تىپىك غەيرىي تەن تۈزۈلۈش كۆرۈلمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى «مۇتلەق نورمال ئادەم بولۇپ، پەقەتلا تەن تۈزۈلۈشى كىچىكلىگەن خالاس.»

گەرچە بۇ ئەھۋال دۇنيا كىشىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ جايدىكى گېزىتلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ «برازىلىيە پاپىلىرى» ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدىكەن.

(قەدىرىيە ھەبىبۇللا تەرجىمىسى)

## هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى قانداق جايدا ساقلىغان ياخشى؟

▲ ساۋۇت هېكىم ▲

تۇغۇت چەكلەش دورىلىرى كۆپلىگەن ياش ئەر - خوتۇنلار ئائىلىدە دائىم ساقلايدىغان دورىلاردىن بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شېكەر يالىتىلغان تابلېتكا دورىلار بولغانلىقتىن، بەك ئىسسىق ياكى نەم جايدا ساقلانسا سىرتىدىكى پوستى ئاسانلا ئاجراپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە دورا ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق دورىنى ئىچسە، يەڭگىل بولغاندا تۇغۇت چەكلەش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئېغىر بولغاندا ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىدا قاناش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى ئەڭ ياخشىسى ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، ئەينەك بۇتۇلكىغا قاچىلاپ هاۋاسى سالقىن، قۇرغاق ۋە كىچىك باللارنىڭ قولى يەتمەيدىغان ئورۇندا ساقلاش كېرەك.

### قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى توغرىسىدا

1. قايسى خىل كىشىلەر قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى بولالايدۇ؟

ئەر - خوتۇن (جۈرى)، پەرزەنتلىرى، ئاتا - ئانىسى قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇغقانلىرى بولمىسا، هازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتتە ئۆلگۈچىنىڭ چوڭ دادىسى (بوۋىسى)، چوڭ ئانىسى (مومىسى)، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارمۇ قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى بولالايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

2. ۋارىسلىق هوقۇقىغا ئىگە كىشىلەردىنمۇ ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىدىن مەهرۇم بولۇپ قالىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ.

دۆلىتىمىزدە هازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتتە قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆلگۈچى هايات ۋاقتىدا ئۇنى خارلىغان، ئۇنىڭغا قارىمىغان قىلمىشلىرى بولسا ياكى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىشتەك جىنايى قىلمىشلىرى سادىر بولسا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن بەلكى هەق تەلەپ قانۇنى بويىچە ئۇنى ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىدۇ. ئەگەر قانۇنىي ۋارىسلىق قىلغۇچى، مەسىلەن: پەرزەنتلىرى ئۆلگۈچىگە (ئاتا - ئانىسىغا) هايات ۋاقتىدا قاراش (بېقىش) مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغان بولسا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىنى بىكار قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

(«شىنجاڭ ياشانغانلار گېزىتى» نىڭ 1997 - يىل 20 - ئاۋغۇستتىكى سانىدىن) ئىلياس تەرجىمىسى

### بالدۇر ئۆلۈش ئېھتىمالى بولغان 10 خىل ئادەم

ياپونىيىنىڭ تىببىي پەن ئالىملىرى نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئارقىلىق تۆۋەندىكى 10 خىل ئادەمنىڭ بالدۇر ئۆلۈش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان:

1. تاماكىنى جان دەپ بىلىدىغانلار. 2. ئىچى تار، ھە دېسىلا كەلسە - كەلمەس ئاچچىقلىنىدىغانلار. 3. دائىم هاراق ئىچىدىغانلار. 4. شەخسىي تۇرمۇش تەرتىپى قالايمىقان، تۇرمۇش قائىدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغانلار. 5. كىچىككىنە ساقىسىز بولۇپ قالسىلا دورا يەيدىغان، يىل بويى توختىماي دورا يەپ، ئوكۇل ئۇرغۇزىدىغانلار. 6. كېسەل بولۇپ قالسىمۇ

دوختۇرغا كۆرۈنمەيدىغانلار. 7. جىنسىي تۇرمۇشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلەر. 8. كۆز بويى مىسكىن، تەشۋىشتە يۈرۈيدىغانلار ياكى ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىنىپ كېتىدىغان ياكى قايغۇرىدىغانلار، ھېچقانداق ئىشقا قىزىقمايدىغانلار. 9. بىر ـ ئۆمۈر دوستى يوق ئادەملەر. 10. ئەزەلدىن ھەر قانداق جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشمايدىغانلار.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن)

زۇلپىيە ياقۇپ تەرجىمىسى

## سۈت قاينىتىشتىكى ئىلمىيلىك

يېڭى سۈت ۋە خالتىغا قاچىلانغان سۈتنى ئۇزۇن قايناتماسلىق، سۈت ئۈزۈلگەن ھامان ئوتنى ئۆچۈرۈش كېرەك. سەۋەبى، سۈتنى ئۇزاق قايناتقاندا قاچىنىڭ تېگىگە يېپىشىپ قالغان كالتسىي بىلەن ئاقسىل ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، سۈتنى ئەڭ ياخشىسى مىكرو دولقۇنلۇق قازاندا قايناتقان تۈزۈك. بۇ قازاننىڭ مىكروپ ئۆلتۈرۈش ئىقتىدارى بولغاچقا، تېمپېراتۇرا 65 C قا يەتكەندە مىكروپلار پۈتۈنلەي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

## قانۇن توغرىسىدا ئەقلىيە سۆزلەر

△ ئەركىنلىك — قانۇن رۇخسەت قىلغان بارلىق ئىشلارنىلا قىلىشقا ھوقۇقلۇق دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىرلا پۇقرا قانۇن چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قايتا ئەركىنلىكى بولمايدۇ، چۈنكى باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەنە شۇنداق ھوقۇقى بولىدۇ.

— مونتۇسكيۇ —

△ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەر ئايرىم شەخسلەرگىلا شاپائەت قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى بارلىق كىشىلەرنى باپباراۋەر دەپ قارايدىغان، ھەر بىر شەخسنىڭ ھوقۇقىنىمۇ ئوخشاشلا كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، ئىسىلزادىلەرگە ھېرىسمەنلىك قىلمايدىغان، نامرات ـ كەمبەغەللەرنى كەمسىتمەيدىغان بولۇشى كېرەك.

— سپىنوزا —

△ قانۇن ئەركىنلىكنى بىكار قىلىش ياكى چەكلەشنى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىكنى قوغداش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى قايسى ئىقلىمدا قانۇن بولمايدىكەن، شۇ يەردە ئەركىنلىك بولمايدۇ.

— جون لوسكى —

△ قانۇن — خەلق ئىرادىسىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇقەددەسلىكىنىڭ ئىپادىسى. قانۇن جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىكى قىلمىشلارنى چەكلەيدۇ.

— روبېسپىر —

(شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 1 ـ ساندىن) ئىلياس تەرجىمىسى

# ۋۇ دېڭيۇنگە

▲ سەمەت دۇگايلى ▲

سەن ۋۇجۇدۇڭنى ئېلىڭگە ئەيلىدىڭ پۈتكۈل پىدا،
كوممۇنىست بۇرچۇڭنى قىلمائقا كېچە ـ كۈندۈز ئادا.

بېسىپ ئۆتكەن ھەر ئىزىڭدىن ئۈندى گۈل، چاچتى پۇراق،
ئىتتىپاقلىق ناخشىسىدىن ياڭرىدى جۇشقۇن سادا.

نەگە بارساڭ شۇندا تىكتىڭ ئىتتىپاقلىقنىن كۆچەت،
ھەممە مىللەت قان ـ قېرىنداش مۇھرى بار شاخ ـ شاخىدا.

قانچىلاپ قىرغىز قېرىنداش تاپتى سەندىن بىگى جان،
بىباھا مېھرىڭ راۋان ئاققاچ ئۇلارنىڭ قانىدا.

نەچچە ئون يىل سەن ئۇچۇن تويۇلمىدى بىر كۈنچىمۇ،
باشقىلاردىن پەرقى يوق ئاددىيغىنا ئىش ئورنىدا.

ۋە لېكىن قان ـ تەر بىلەن يازدىڭ ئاجايىپ مۆجىزە،
كۆز چېقىپ قىلمائنا جەۋلان قەھرىمانلىق بابىدا.

شەخسىيەت، خۇسۇسىيلىق كەلمەي بېقىن ئۆتتى ساڭا،
ئەل، ۋەتەن ئىشقى ئورۇن ئالغاچ دىلىڭ تۆپراقىدا.

خاسىيەتلىك بۇ باھاردا ئىش ـ ئىزىڭ بەردى قۇۋۋەت،
بارچە مىللەت مەدھىيە ئوقۇيدۇ ناخشا ـ سازىدا.

قەھرىمانلىق سىر ئەمەس ئەل ئوغلى بولسا كىم ئۈچۈن،
ئۆلگىمىز دەر شۇ سەۋەب ئەل ھەر مىنۇت، ھەر چاغىدا.

# مەڭگۈلۈك ئۆتكەن ھايات!

▲ ھەبىبۇللا بوستانى ▲

بىر باھادىر چىقتى چاقناپ ئۇلۇغچاتتىن،
قارىغاي ئۆسۈپ چىققان كەبى ئويۇلتاشتىن.
ئەزرائىلغا ئۆزۈپ كەلگەچ ئوق ساداقتىن،
ۋەتەن، ئەلىڭ ئىپتىخارى سەن ۋۇ دېڭيۇن.

پاك قەلبىدە كۆڭ فەنسىندەك ئۆلگىسى بار،
ئاۋام بىلەن بىرگە قايغۇ ـ كۈلكىسى بار.
قېرىنداشتىن تېرەن مېھرى، سۆيگۈسى بار،
ئۆزۈڭ سەپەر بايراقدارى سەن ۋۇ دېڭيۇن.

كېچە ـ كۈندۈز بالىنىستا تېرى ئاققان،
تالاي بىمار تومۇرىدا قېنى ئاققان.
ئۆز تېنىدىن كۆيۈكلەرگە تېرە ياققان،
ئۆرغۈپ تاشقان بېيتون روھى، ئەي ۋۇ دېڭيۇن.

قايدا خەتەر كېچە ـ كۈندۈز شۇئان پەيدا،
ئامال تاپار ماماتقا ئۇ تورۇپ ھەغدا.
كۈننى تۈنگە ئىشلەر ئۇلاپ بولۇپ شەيدا،
زامانىمىز پەخرى، ئوغلى سەن ۋۇ دېڭيۇن!

شادلاندىڭ سەن كۆرۈپ بىمار كۈلكىسىنى،
ياراتتىڭ سەن ئىتتىپاقلىق ئۆلگىسىنى.
تاراتتىڭ سەن تىنچ ـ مۇقىملىق سۆيگۈسىنى،
ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالغان، ئەي ۋۇ دېڭيۇن!

ئىش ـ ئىزلىرىڭ كەتتى تاراپ تيانشانغا،
ئىلى، تارىم، باغراش، پامىر، زەرەپشانغا.
تۆھپەڭ بىلەن چۆمۈلدۈڭسەن شەرەپشانغا،
پاكلىق شەرىپى، ئەلىڭ پەخرى، ئەي ۋۇدېڭيۇن!

بارىكاللا! ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئوغلانى سەن،
تەڭرى تاغىنىڭ بەيگىدىكى تۇلپارى سەن.
كۆيچىلەرنىڭ مەڭگۈ پۈتمەس ئىلھامى سەن،
قىلغىن قوبۇل گۈلدەستىنى، ئەي ۋۇ دېڭيۇن!

# ھايات سەرگۈزەشتىسى

(نەسر)

▲ مېھرىبانۇم ئابلاھاجى ▲

كېتىۋاتىمەن، نىشانىم قاياقتىدۇر، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئاياق ئاستىمدىكى يېڭىلا توڭدىن ئېرىگەن لايلارنى كېچىپ كېتىۋاتىمەن. نېمە مەقسەت بىلەن قەيەرگە كېتىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. باش ئۈستۈمدە تورنىلار، قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ ئۇچۇشماقتا، بەلكى باھارنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە يول باشلاۋاتسا كېرەك ...

كېتىۋاتىمەن، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا كەڭرى كەتكەن قۇملۇقتا كېتىۋاتىمەن. پۈتۈن بەدىنىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەندى. مەن ئۇسسۇدۇم، ھالسىزلاندىم، قىلچىلىك ماغدۇر قالمىدى، كۆزۈمدىن ئاققان ياشلار مەڭزىمدىكى تەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇسسۇزلۇق بولۇپ ئاغزىمغا كىرمەكتە. ئۆزۈمنىڭ يېشىمنى ئۆزۈم «چاي» قىلىپ ئىچتىم. ياق! تەقدىردىن نارازى بولغان مىسكىن يۈرىكىمنى بىر ئاز بولسىمۇ غەملەردىن خالى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى «مەي» قىلىپ ئىچتىم - دە، مەستخۇش ھالەتتە دەلدەڭشىگىنىمچە نىشانسىز سەپىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈم بىلەن ئىلگىرىلىدىم ...

كېتىۋاتىمەن، غازاڭلار ئۈستىدە «غاراس» لىغان ئاۋازلارنى ئۆزۈمنىڭ مېڭىشىمغا تەڭكەش قىلىپ كېتىۋاتىمەن. ئەمما، دەھشەتلىك بوران بار ئاۋازى بىلەن ھۆركىرەپ ناخشا ئېيتىشماقتا، دەرەخلەر ئۇنىڭ ناخشىسىغا كېلىشتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئۇلار مېنى، گاڭگىرىغان ھالىمنى تاماشا قىلماقتا. ئۆزئارا كۆز قىسىشىپ پىچىرلاشماقتا. ئەنە، ئاسمانمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ چاقماقنى ۋاستە قىلىپ چاۋاك ئۇرماقتا. مەن چىدىيالماي بېشىمنى قاماللاپ، ئىختىيارسىز «توۋا» دېدىم ۋە ئىچىمدە بەلكى ئۇلار يەر شارىنىڭ توختىماي ئايلىنىدىغانلىقىنى، تۆت پەسىلنىڭ شەرتسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

قەھرىتان سوغۇقتا ئۆزۈم يالغۇز كېتىۋاتىمەن.

سوغۇقتىن يۈزۈم قىزىللىقتىن كۆكىرىشكە باشلىدى، لەۋلىرىم توختىماي بىر - بىرىگە ئۇرۇلاتتى، چىشلىرىم كاسىلدايتتى. ئاپئاق قارلارنى دەسسەپ كېتىۋاتىمەن. ئەمدى پەقەت ھالىم قالمىدى، يول ئۈستىدىكى نېمىگىدۇ پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. قوپۇشقا ئامال قىلالمىدىم. ھالسىزلانغان تېنىم سوغۇققا چىدىماي تۈگۈلۈپ يول ئۈستىدىلا يېتىپ قالدىم ...

— تۇر! ياتتى دېگەن نېمە ئۇ؟ - قولىقىمغا تەقدىر مەڭگۈلۈك ئاڭلاشتىن مەھرۇم قىلغان تونۇشلا بىر ئاۋاز كىردى. مەن ئۇيقۇ باسقان كۆزۈمنى ئېچىپ قارىدىم، توۋا! مەن رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان «خىزىر بوۋاي» نى كۆردۈممۇ - قانداق؟ توغرا! مەن «خىزىر بوۋاي» يەنى، مېنى بۇ دۇنياغا تاشلاپ كەتكەن مەرھۇم دادامنى كۆردۈم. ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنى ماڭا قارىتىپ سۇندى - دە، ئۆزى كەينىگە ياندى. مەن ھاسىغا تايىنىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم. «دادا! » دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم. مەن بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەم، ئۇ بىر قەدەم ئارقىغا ياناتتى. مەن: «دادا، مەندە ماغدۇر قالمىدى، مېنى يېتىلىۋال، مېنى ئالغاچ كەتكىن جېنىم دادا» دەپ ئۇ تەرەپكە يەنە ئىلگىرىلىدىم. ئەمما ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك كۆزلىرىگە ياش ئالدى - دە، ھېچنېمە دېمەستىنلا شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ غايىپ بولدى. ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. ئۇ يەردە مېھرىبان ئانام، كۆيۈمچان ئاكا - ھەدىلىرىم ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ ماڭا قۇچاق ئېچىپ قاراپ تۇراتتى. مەن مەرھۇم دادامنى ئىزدەپ ئارقامغا قارىدىم. ئارقامدا پەقەت ئاغزىمدىن چىققان قانلار ئاپئاق قار ئۈستىگە قىزىل تامغىلارنى بېسىپ قويغانىدى. مانا بۇ دەل مېنىڭ ھايات سەپىرىمدىكى تەقدىر سوۋغا قىلغان «پېشكەللىك» نىڭ ئەڭ چوڭ يالدامىسى ئىدى ...

# خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى

| | |
|---|---|
| 教唆未成年人 | قۇراسىغا يەتمىگەنلەرنى كۈشكۈرتۈش |
| 节育复通手术 | تۇغۇت ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى |
| 进出口原产地证明 | ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايى توغرىسىدىكى ئىسپات |
| 进出口许可证 | ئىمپورت - ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى |
| 禁猎区、禁猎期 | ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايون، ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان مەزگىل |
| 禁渔区、禁渔期 | بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان رايون، بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان مەزگىل |
| 经贸往来 | ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسى قىلىش |
| 金融诈骗罪 | پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقى جىنايىتى |
| 救护治疗职位上 | قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئورنى |
| 就诊人 | كېسەل كۆرسەتكۈچى |
| 举报人 | پاش قىلغۇچى |
| 拒不缴纳税款 | باج پۇلىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش |
| 拒不申报 | مەلۇم قىلىشنى رەت قىلىش |
| 拒不执行 | ئىجرا قىلماسلىق |
| 拘禁他人 | باشقىلارنى سولاپ قويۇش |
| 拒绝扶养 | باقماسلىق |
| 拒绝逃避征 | رەت قىلىش ۋە قاچۇرۇش |
| 拒绝军事征用 | ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى بېرىشنى رەت قىلىش |
| 拘留所 | توختىتىپ قويۇش ئورنى |
| 拘役 | تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش |
| 聚众赌博 | توپلىشىپ قىمار ئويناش |
| 聚众“打砸抢” | توپلىشىپ «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش» |
| 聚众持械劫狱 | توپلىشىپ تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ بۇلاش |
| 聚众犯罪 | توپلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش |
| 聚众哄闹 | توپلىشىپ غەۋغا كۆتۈرۈش |
| 聚众哄抢公共财物 | جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ئادەم توپلاپ بۇلاپ كېتىش |
| 决水 | يار قويۇۋېتىش |
| 军人而雇用 | ھەربىينى ياللاپ ئىشلىتىش |
| 军人违反职责罪 | ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى |
| 军事禁区 | چەكلەنگەن ھەربىي ئىشلار دائىرىسى (رايون) |
| 军事设施,军事通信 | ھەربىي ئەسلىھە ۋە ھەربىي خەۋەرلىشىش |
| 开设赌场 | قىمارخانا ئېچىش |
| 看守所 | قاماقخانا |
| 抗拒缉私 | ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش |
| 抗拒抓捕 | تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش |
| 可卡因 | كوكايىن |
| 控告人 | شىكايەت قىلغۇچى |
| 空头支票 | قۇرۇق پۇل چېكى |

# يىغىپ ساقلاش چولپىنى

## ئۈرۈمچى خان جەمەتى سودا شىركىتىنىڭ لېدىرى، داڭلىق يىغىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈرنى زىيارەت

▲ ئۆز مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنپىڭ ▲

ئۈرۈمچى شەھىرى خان جەمەتى سودا شىركىتىنىڭ زالى داڭلىق يىغىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈر 20 نەچچە يىلدىن بۇيان يىغىپ ساقلىغان 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ۋە رەسىم، نەچچە مىڭ دانە مەدەنىي يادىكارلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. جۇڭگودىكى داڭلىق رەسسام گۇەن شەنيۈ بىلەن يۇ شياۋفېڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن: ئەخمەت تۆمۈرنى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ يىغىپ ساقلىغۇچى دېيىشكە بولىدۇ، دەپ ماختىغانىدى. ئىشخانىسىنىڭ تاملىرى ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت بىلەن تولۇپ كەتكىنىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن. بۇ يەرنى ھەقىقەتەن رەڭگارەڭ سەنئەت ئوردىسى دېيىشكە بولىدىكەن.

ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىمدە، بۇ كۆزلەرنىڭ ئاجايىپ بىر خىل خىسلەت ۋە روھ بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سودا قايىنىمىدا 13 يىل ئېلىشىپ 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۈلۈككە ئىگە بولغان ئەخمەت تۆمۈر ئۈرۈمچى خان جەمەتى سودا باش شىركىتىنى قۇرۇپتۇ ھەمدە شىنجاڭ، ئىچكىرى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەردە تارماق شىركەتتىن 10 نى تەسىس قىپتۇ، 30 دىن ئارتۇق دۆلەتكە بېرىپتۇ، «جۇڭخۇا يىغىپ ساقلاش چولپىنى» دېگەن نامغا ئېرىشىپتۇ.

## 1

بۇ يىل 47 ياشقا كىرگەن بۇ خۇشسۆز كارخانىچى 13 يېشىدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، ئۇ ئىلگىرى بىر خىمىيە زاۋۇتىدا ئىشچى، گۇرۇپپا باشلىقى، باشقۇرغۇچى خادىم بولغان، 1975 - يىلى جەنۇبىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، قۇمۇل مەدەنىيەت ئىدارىسىدە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلاش، باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان، بۇندىن 3200 يىل بۇرۇنقى «قارا دۆۋىدىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇق جەسەت» نى ئەخمەت تۆمۈر ئارخېئولوگلارنى باشلاپ بېرىپ قازغان، بۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغانىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئاسارئەتىقە، ھۆسنخەت ۋە رەسىم، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلاشقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغان.

ئەخمەت تۆمۈرنى بىلىدىغانلار ئۇ سودىگەرلەرگە خاس پاراسەتلىك ۋە تەدبىرلىك، دېيىشىدۇ. ئۇ نەچچە يىللىق سودا ھاياتىدا ئۇ خەلق باشقۇرغان كارخانىنى راۋاجلاندۇرۇپ، داڭلىق شەخسلەرنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىملىرى، ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى كەڭ تۈردە يىغدى، مۈلكى 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ئۇنى ئاجايىپ پارا

سەتلىك ۋە تەدبىرلىك دىسەك ھەقىقەتەن ئار-
تۇقلۇق قىلمايدۇ.

ئەخمەت تۆمۈر شىركەت قۇرۇشتا تې-
رىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە يۇقىرى تېخنىكى-
لىق مەھسۇلاتلارنى ئىچىشنى كارخانىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېتەكچىسى قىلدى،
تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى كارخانىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېتەكچى قىلىش كې-
رەك، دەپ قارىدى، مەملىكەت ئىچى ـ سىر-
تىنىڭ ئىلغار يېڭى ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكى-
سىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى كىرگۈزۈشنى،
زامانىۋى يېڭى ئىگىلىك تېرىش تېخنىكىسى
ۋە ئۇسكۈنىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىشنى تە-
شەببۇس قىلدى، ئۇ شىنجاڭنىڭ يېڭى ئىگىلى-
كىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي يېڭى ئىگىلىك
تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كە-
شىلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەخمەت تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئۈنچە ـ مەرۋا-
يىت، قاشتېشى، تېرە، ھۆسنخەت ۋە رە-
سىم، ئاسارئەتىقە، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملى-
رى تىجارىتى قىلىدىغانلىقىنى، تىجارەتنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسىتى كارخانىنى
كۆپ قۇتۇپلۇق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غان كارخانىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئى-
كەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان
گەپ بولماستىن، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن
ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىجارەت ئىستراتېگىيە-
سى بولۇپ، خەلق باشقۇرغان بىر كارخانى-
نىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى نامايان قىلىپ تۇرات-
تى. ئەمما ئەخمەت تۆمۈر ھازىرقى بايلىقى-
دىن قانائەتلەنمەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ توختى-
ماي ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى، قىلىدىغان ئىشلى-
رىنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلى-
رىنى تەرەققىي قىلدۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى
ئېيتتى. ئۇنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى كىشىنى
قايىل قىلىدۇ، 13 يىللىق تىجارەت جەريانى-
دىن، ئۇنىڭ سودىدىكى ئىقتىدارىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ.

1993 ـ يىلى ئەخمەت تۆمۈر ئۈرۈمچىدە
بىر باغچا قۇرماقچى بولدى، بۇ تۇرگە 4 مىل-
يون يۈەن پۇل كېتەتتى، ھالبۇكى ئۈرۈمچىدە
يەر باھاسى ئىنتايىن قىممەت ئىدى. شۇنداق-
تىمۇ ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق تەت-
قىقات ئورنى ئىچىشقا تەييارلىغان بىر پارچە
يەرنى تاللىۋالدى، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن
ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئۇ جەنۇبىي
ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى بۇ شاد-
لىق باغچىسىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ،
«مىللىي مەدەنىيەت كۆكۈل ئىچىش كەنتى»
قۇرۇپ، كىشىلەرگە گۈزەل مەنزىرىلىك باغ
ياساپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ يەر 260
مودىن ئاشاتتى، توختام تۈزۈپ يەرنى سېتى-
ۋالغاندىن كېيىن ئەخمەت تۆمۈر ئۇنىڭغا
«خان جەمەتى شادلىق باغچىسى» دەپ ئىسىم
قويدى ھەمدە ئۆزى ئويلىغىنىدەك ئىچىپ قۇ-
رۇشقا، بېزەشكە كىرىشتى. 1993 ـ يىلدىن
باشلاپ سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى،
1997 ـ يىلغا كەلگەندە سالغان مەبلىغى 7
مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت
تالانتىنى شادلىق باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا
سىڭدۈرۈپ، مېۋىلىك دەرەخ ئارىسىغا خىل-
مۇخىل ئۇسلۇبتىكى شىپاڭ، كىگىز ئۆيلەر-
نى ياساتتى، بۇلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن قويۇق يەرلىك مىللىي
مەدەنىيەت پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئالتە يىللىق ئىچىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ
بېرىش ئارقىلىق خان جەمەتى شادلىق باغچى-
سىنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى، باغچا ئى-
چىدە ئۆرۈك، نەشپۈت، ياڭاق، تېرەك، سې-
رىق توخۇمەك، ئارچا دەرەخلىرى قويۇق
ئۆستى. دەم ئېلىش كۆنلىرى بېرىپ كۆكۈل
ئاچىدىغان ئاجايىپ ياخشى جايغا ئايلاندى.
1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك بار-
ماق رەسىملىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش
مۇراسىمى خان جەمەتى شادلىق باغچىسىدا

ئۆتكۈزۈلدى، باغچا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنى شۇنداقلا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك داڭلىق ھۆسنخەت ئۇستىلىرى ۋە رەسساملارنى كۈتۈۋالدى.

ئەخمەت تۆمۈر ئۈرۈمچى خان جەمەتى شادلىق باغچىسىنى باشقۇرغاندىن سىرت، يەنە قۇمۇلدا ئىككى ئورۇندا 3000 موغا يېقىن مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالدى، باغدا 2000 تۈپتىن ئارتۇق تېرەك، چوڭ چىلان، كىشمىش ئۈزۈم، ئالما، ئەنجۈر قاتارلىقلارنى ئۆستۈرۈپ، نۇرغۇن نەتىجە ياراتتى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ئۇنىڭ روھىنى مەدھىيىلىگەن، ئۇنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ سەپنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ئىلھام بەرگەنىدى.

1996 - يىلى ئەخمەت تۆمۈر ئاپتونوم رايونلۇق ۋالىبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، شىنجاڭ ئۇنچە - مەرۋايىت جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، جۇڭگو مىللىي سودا تەتقىقات ئورنىنىڭ ھەيئەتلىكىگە، مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئورنىنىڭ پەخرىي مەسلىھەتچىلىكىگە، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى.

## 2

كىشىلەر «سۆت بىلەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېيىشىدۇ، ئەخمەت تۆمۈر 40 تىن ئاشقان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش سۇباتلىق ئىدى، پەقەت ئەينى يىللاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ پىشقان، تەجرىبىلىك ۋە قابىلىيەتلىك كۆرۈنەتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئەخمەت تۆمۈر ياراتقان مۆجىزە دۇنيادىكى ھەر قانداق بايلارغا ئوخشاشلا خۇشاللىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن. 1986 - يىلى «ۋاستىچى» لىكنى كىشىلەر تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن چاغدا، ئەخمەت تۆمۈر ئىشنى مۇشۇنىڭدىن باشلىدى، ئۇ شىمالدا ئالتايدىن جەنۇبتا پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغانغىچە باردى ۋە سودىگەرلەر ئارىسىدا ئۆز ئوبرازىنى ناھايىتى تېزلا تىكلىدى، ئۇ جاپاغا چىدايتتى، ۋەدىسىدە تۇراتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئەستايىدىللىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ۋە ماللىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ سېتىشىغا تاپشۇرىدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئەخمەت تۆمۈرنىڭ سودىسىمۇ ناھايىتى تېزلا روناق تاپتى. ئۇنىڭ پۇلى كۆپىيىپ، ھال كۈنى ياخشىلانغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سەممىي، ئاقكۆڭۈللۈكىنى يوقاتمىدى. ئىلگىرى بىر نەچچە «دوست» ى ئۇنى ئالدىغان، ئۇنىڭ بىر قانچە ئون مىڭ يۈەن زىيان تارتىشىغا سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن رەھىمسىز بولۇپ كەتمىدى. ئۇ دائىم سودىگەرلەردە ئىشەنچ، سۇنماس ئىرادە، سەممىيلىك بولغاندىلا سودا روناق تاپىدۇ، دەيتتى. ئۇ ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى، تېرە سودىسى قىلىشتا مال ئىگىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بازارنى ئىگىلىدى، شۇڭا ئۇ بازارنى پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، قازاقىستان، روسىيە، ئۇكرائىنا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغىچە كېڭەيتتى. ئۇ قۇرغان ئىككى ياقۇت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى مەخسۇس پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ياقۇت ئىشلەپچىقىرىدۇ.

سودىغا كىرىشكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ شىركەتنىڭ تاپقان پايدىسىنى ھۆسنخەت ۋە رەسىم، ئاسارئەتىقە، مىڭ،

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى خەنزۇلار
ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئەت
بۇيۇملىرى، جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق
رەسىم، قاشتېشى بۇيۇملىرى، ئۈنچە - مەر-
ۋايىت، قەدىمكى پۇل، پوچتا ماركىسى ...
قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى، بۇنىڭ
ئىچىدە جاڭ داچيەن، چى بەيشى، ليۇ خەيتاڭ
قاتارلىق داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ قول يازمى-
سى، گۇەن شەنيۈ، فەن سىڭ قاتارلىق داڭلىق
رەسساملارنىڭ ئەخمەت تۆمۈر ئۈچۈن سى-
زىپ بەرگەن رەسىملىرى بار. ئۇ يەنە ئېغىر-
لىقى 154 كىلوگىرام كېلىدىغان يېشىل تاشنى
يىغىپ ساقلىغان. ئۇ بۇ بۇيۇملارنى سېتىۋې-
لىشقا كەم دېگەندە 100 مىليون يۈەن خەجلى-
گەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ يىل 3 - ئايدا ئەخمەت
تۆمۈر ئۆرۈمچىدىكى ئون نەچچە ئاخبارات
ئورنىنىڭ مۇخبىرلىرىنى ئۆزى يىغىپ ساقلى-
غان بۇيۇملىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا
تەكلىپ قىلدى ھەمدە بۇ يىل كۈزدە 3 - نۆ-
ۋەتلىك خۇاشىيا يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرى
سەنئەت بايرىمىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزىدىغان-
لىقىنى ئېلان قىلدى. خۇاشىيا يىغىپ ساقلاش
بۇيۇملىرى سەنئەت بايرىمى نۆۋەتتە مەملى-
كەت بويىچە يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملارنى
كۆرگەزمە قىلىش ئالماشتۇرۇشتىكى ئەڭ نو-
پۇزلۇق پائالىيەت بولۇپ، ئىككى يىلدا بىر
قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئې-
يىشىچە، 2 - نۆۋەتلىك خۇاشىيا يىغىپساق-
لاش بۇيۇملىرى سەنئەت بايرىمىدا ئۇ ئالاھى-
دە مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ ھەمدە بېيجىڭ،
چېڭدۇ قاتارلىق شەھەرلەردە بۇ قېتىملىق
سەنئەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى
قولغا كەلتۈرۈپتۇ.

3

ئەخمەت تۆمۈرنىڭ رىۋايەتلەردىكىدەك
تارىخى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى،
يېقىندا ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بايان قىلىنغان
«ئەخمەت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ جەمەتى» دېگەن
رومان «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» دا
ئۇلاپ بېرىلدى. ئۇ قۇمۇلدا بىر مەكتەپ ۋە
ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ، ياشانغان،
ئاجىز كىشىلەرنى باقماقچى بولۇۋېتىپتۇ؛ ئۇ-
رۇمچىدە بىر مەكتەپ قۇرۇپ، چەت - يىراق،
نامرات جايلاردىكى ئوقۇشسىز قالغان ئۆس-
مۈرلەرنىڭ چوڭ شەھەردە ئوقۇپ تەربىيىلى-
نىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكچى بولۇۋې-
تىپتۇ. ئەخمەت تۆمۈر قۇمۇل ۋىلايەتلىك
ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسى،
نوم يېزىسىدا بىر ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى
قۇرۇشتا مەبلىغى يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن 200 مىڭ يۈەن ۋە 20 مىڭ
يۈەنلىك نەق پۇل چېكىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك
ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسى ئارقىلىق،
نوم يېزىسىدىكى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىگە
ۋە قۇمۇل 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تاپشۇرۇپ
بەردى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئەخمەت تۆ-
مۈر شىنجاڭ خەلقئارا شاھماتچىلار جەمئىيى-
تى، شىنجاڭ ۋالىبولچىلار جەمئىيىتى، «مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى ئىقتىسادىي جە-
ھەتتىن قوللىدى.

ئەخمەت تۆمۈر بېيجىڭ ياكى شياڭگاڭدا
ئۆزى يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرىنى كۆرگەز-
مە قىلىش نىيىتى بارلىقىنى، جىنىس رېكورتى
يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى



سېتىلىۋاتقان بىر قىسىم مەرۋايىتلار




خان جەمەتى سودا شىركىتىنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىت، ھۆسنىخەت ۋە رەسىم، ئاسارئەتىقە، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان زالى

# شىنجاڭ خان جەمەتى سودا شىركىتى

شىنجاڭ خان جەمەتى سودا شىركىتىنى داڭلىق يې-غىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈر 1992 - يىلى قۇرغان، ئومۇمىي مەبلىغى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. ھازىر باش شىركەت قەشقەر، شىيامېن، قۇمۇلدا ھۆسنىن تۇ-زەش، چاچ ياساش شەھەرچىسى، قۇمۇل 1 - ، 2 - بېغى، قۇمۇل خان جەمەتى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت دۇكىنى، سانجى شەھەرلىك قوي، كالا بورداش مەيدانى، پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئون نەچچە تارماق شىركەت تەسىس قىلدى.

ئاساسلىقى ئۈنچە - مەرۋايىت، مىنېرال تاش، ھۈ-نەر- سەنئەت بۇيۇملىرى، ھۆسنىخەت ۋە رەسىم، فارفور قاچا - قۇچا، ئاسارئەتىقە، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھ-سۇلاتلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ساتىدۇ.

لىدىر: ئەخمەت تۆمۈر
يانفون: 139917850 (0991) 9114449
فاكس: (0991) 2834493
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش بانكا بىنا-سىنىڭ 5 - قەۋىتىدە




سېتىلىۋاتقان جۇڭگوچە رەسىملەر



سېتىلىۋاتقان قەدىمكى پۇللار



خان جەمەتى سودا شىركىتىنىڭ لىدىرى ئەخمەت تۆمۈر خېرىدارلارغا جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق رەسىملەرنى تونۇشتۇرماقتا



سېتىلىۋاتقان ماي بوياق رەسىم ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى

بېي فېڭ فوتوسى



# شىنجاڭ
# خەلق سارىيى

خەلق سارىيى

شىنجاڭ خەلق سارىيى 1984 - يىلى سېلىنىشقا باشلىنغان، 1985 - يىل ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى ھارپىسىدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. پۈتكۈل قۇرۇلۇش زال، تاماشىبىنلار زالى، ماشىنىلاشقان سەھنە، كۆپ ئىقتىدارلىق زال ۋە 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ يىغىن زالىدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، ئىچى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بولۇپ، زامانىۋى ئۇسلۇب بىلەن مىللىيچە ئالاھىدىلىك ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى ۋە چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال پائالىيەت سورۇنىدۇر.



زىياپەت زالى چوڭ تىپتىكى زىياپەت، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە باپ كېلىدۇ




يۇقىرىدىن تۆۋەنگە:

ئىلى زالى

قەشقەر زالى

بايىنغولىن زالى

قۇمۇل زالى



زال



زالدىكى رەڭلىك فونتان

بەت لايىھىلىگۈچى، سۈرەت تارتقۇچى: ۋاڭ شىنپىڭ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W باھاسى 2.40 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433